

ل. ن. تولستوي

# هاجى مۇرات

مللەتلەر نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ل. ن. تولستوي

# ھاجى مۇرات

تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسئۇل مۇھەررىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

本书根据人民文学出版社1962年 12 月北京第1版 1979 年 6 月湖北第2次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1962 ـ يىل 12 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي خۇبېي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

Л. Н. ТОЛСТОЙ

# ХАДЖИ МУРАТ

# ھاجى مۇرات

ل. ن. تولستوي

تەرجىمە قىلغۇچى: مەھەممەت شاۋۇدۇن

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1983 ـ يىل 11 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1983 ـ يىل 11 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.33 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تارىبسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سوز

تولستوي (1828 ــ 1910) يىرىم ئەسىردىن كوپرەك داۋام قىلغان ئەدەبىيات پائالىيىتى داۋامىدا، نۇرغۇنلىغان ئىسىل ئەسەرلەرنى ياراتقان، لېنىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇنچە كوپ زور مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقى ۋە مۇشۇنداق بەدىي كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشەلىگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا بىرىنچى ئورۇنغا ئىگە بولىدى، دىگەن ئىدى. «ئۇرۇش ۋە تېچلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «تىرىلىش» رومانلىرى تولستوينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئەسەرلىرى ھىساپلىنىدۇ.

«ھاجى مۇرات» تارىخىي رومانىدۇر، 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا كاپكازدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر شامىلنىڭ باشچىلىغىدا قوزغىلىپ، چارپادىشاغا قارشى تۇرغان، ھاجى مۇرات شامىلنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قەھرىمان سەركەردە بولۇپ، شامىل بىلەن كېلىشەلمىگەنلىگى ئۈچۈن رۇسلارغا ئەل بولغان، كېيىن ئائىلە-سىدىكىلەرنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئولتۇرۇلگەن.

چار روسىيە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن دوزاق ئىدى. رۇس بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر پۈتۈنلەي ھوقۇقسىز بولۇپ،

ھەمىشە دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ كەلگەن. تولستوي بۇ روماندا چار روسىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تالان-تاراج قىلغان ۋە باستۇرغان زوراۋانلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلەپ، خارلانغان تاغلىقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلارنى ئىنتايىن قاتتىق ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ رۇس چوشقىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئادەم دەپ ھېساپلىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تولستوي بۇ يەردە ئاشۇ بالايى-ئاپەتلەرنى پەيدا قىلغان يۇقۇرى قاتلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى چارپادىشا نىكولاي I نومۇسسىز، ئۆكتەم، كالۋا، زالىم؛ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى چېرنىشېۋ چوڭ مۇتەھەم. ئۇ دېكابىرچىلارنى سوتلىغاندا، مال-دۇنياسىنى ئىگەللىۋېلىش غەرىزىدە بىر بىگۇنا كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ؛ تىفلىستىكى ھەربى باشلىق ۋورونتسوۋ ھىلىگەر، ساختىپەز، شوھرەتپەرەس تورە. مۇشۇ يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىگە ئادەتتىكى خەلق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئاددى-ساددا، ۋىجدانلىق ئىكەنلىكى روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ.

ھاجى مۇرات مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ خىيانەتكارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. تولستوي ھاجى مۇراتنى شامىلدىن يۈز ئۆرۈپ، رۇسلارغا ئەل بولغانلىقى ئۈچۈن ماختىمايدۇ، كۈچلۈك ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ماختىمايدۇ. تولستوينىڭ تەكىتلەيدىغىنى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ئالاھىدى-

www.uyghurkitap.com

لىكلەر؛ ھاجى مۇرات ساددا، تۈز كوڭۇل، سەممىي ئادەم، رومانىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە ئۇنىڭ باللارچە كۆڭۈلمىسرىشى يېزىلىدۇ. ھاجى مۇرات ساختىپەز، ماختانچاق يۇقۇرى تەبىقە ئارىسىدا تۇرغان چېغىدا، ئۇنىڭ بۇنداق ساددا خاراكتېرى تېخىمۇ ئوچۇق، گەۋدىلىك كورۇنىدۇ.

تولستوي، بىر تەرەپتىن، چار روسىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرغان زوراۋانلىقىغا غەزەپ بىلەن قارشىلىق بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ خىيانەتكارىغا ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. بۇ ــ تولستوينىڭ دۇنياقارىشىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىنكاسى. بۇ يەردە ئۇنىڭدا بۇنداق زىددىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئىجتىمائى مەنبەسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

تولستوي ئۆز ئەسرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋر ئاساسەن 1861 ـ يىلدىكى يانچىلارنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىدىن 1905 ـ يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسىغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋر دېخان بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا لېنىن: "تولستوي ئاساسەن 1861 ـ يىلدىن 1904 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ دىگەن". لېنىن يەنە: "تولستوينىڭ ئەسەرلىرىدە ھەم دېخانلار ھەركىتىنىڭ كۈچى، ھەم ئۇنىڭ ئاجىزلىغى كورسىتىلگەن، ھەم ئۇنىڭ قۇدرىتى، ھەم ئۇنىڭ چەكلىمىلىكلىگى كورسىتىلگەن" دىگەن. تولستوي يانچىلىق تۈزۈمنى ۋە چارپادىشانىڭ مۇستەبىتلىك جىنايەتلىرىنى

رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان، كاپىتالىزىم خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن دەرت ـ ئەلەم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكا ـ يەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ مۇدھىش رىياللىقنى قانىداق قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭ "يامانلىققا زورلۇق كۈچ بىلەن قارشى تۇرماسلىق"، ئەخلاقىي جەھەتتە ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەش دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسى ئۇرۇقداشلىق شەكلىدىكى گودەكلەرچە دېخانلار نۇقتىسىنەزىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تولستوينىڭ ھاجى مۇراتنىڭ ئەسلىدىكى ساددا، پاك، باللارچە مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قېلىشى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىپتىدائىي دېخانلار دېموكراتىيىسى كەيپىياتى ـ دىن كېلىپ چىققان.

بىراق، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تولستوي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان بۇ ئەسىرىدە، ئۆزىنىڭ قارشى چىقماسلىق ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا، باش قەھرىمانىنىڭ قەيسەرانە ئىرادىسى ۋە ھەيران قالارلىق كۈچىنى ھەم ئۇنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكى تىز پۈكمەس باتۇرلۇغىنى ئالاھىدە تەسۋىرلىگەن. بۇنىڭدىن تولستوينىڭ ئەڭ سەگەك رىيالىست بولغانلىغى ئۆچۈن ئۆزىنىڭ ھىلىقى قارشى چىقماسلىق دەيدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىگە بەزىدە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىغىنى كورگىلى بولىدۇ.

بۇ رومانىنىڭ ھەجمى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى كەڭ. ئەسەر ھاجى مۇراتنىڭ تىراگېدىيىسى ئارقىلىق 50 ـ يىللاردىكى

روسيه جەمىيىتىدىكى ھەرقايسى قاتلامنىڭ ھەيۋەتلىك كورۇنۇشىنى ئېچىپ بەرگەن، ئەسەردىكى پىرسوناژلار يۇقۇرىدا چارپادىشا، تۇۋەندە ئاددى پۇقرا ۋە ئەسكەر بولۇپ ئاتمىشتىن تۆۋەن ئەمەس، لېكىن ئاپتور ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىنى ئەركىن-ئازادە بىر تەرەپ قىلغان، ۋەقەلىكنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق، پىرسوناژلار ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن، ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ دىمەي تۇرايلى، ئادەتتىكى قەھرىمانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرىدۇ. پىرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ شۇنداق جانلىق سۇرەتلەپ بېرىلىشىمۇ ئەسەرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىگى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ رومان 1896-يىلى يېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ ئالتە يىل ۋاقىت كەتكەن، ئارىلىقتا ئون قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. ئاپتور 1910-يىلى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى يەنە بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەن ۋە پىششىقلىغان، ئەسەر ئاپتور ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان.

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

1978-يىل ماي

مەن ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ ئويگە قايتىپ كېتىپ بارىمەن. بۇ دەل يازنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى ئىدى، ئوت-چۆپلەر ئورۇلۇپ بولۇپ، قارا بۇغداي يىغىۋېلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئەتراپتا قىزىل، ئاق، ھالرەڭ ۋە باشقا رەڭگا-رەڭ گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇشبۇي، يۇمران يوپۇرماقلىق ئۈچ قۇلاق گۈل، مەغرۇر ھەم ئۇزاق ئېچىلىدىغان جۇيخۇا گۈل، ئاق ئېچىلىدىغان، ئوتتۇرىسى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، پۇرىغى كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان مارگارىتكا①، ھەسەل پۇرايدىغان سېرىق رەڭلىك سۇرىپكا، تىك ئوسكەن، كۇركۇمىغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ ۋە ئاق پانۇس گۈل، يوگۇمەچ غولluq نوقۇت گۈل، سېرىق، قىزىل، ھالرەڭ، چەيزىرەڭ لەيلى، سۇس قىزىل تۇكلۇك ۋە سەل پۇرىغى بار پاقا يوپۇرمىغى، نوۋەر چاغلىرىدا كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، كېيىن كوك، قىزىل رەڭگە كىرىدىغان

① مارگارىتكا — رۇس قىزلىرى مۇھەببەتكە پال سېلىشنى ياخشى كورىدىغان كۆزگى چېچەك.

www.uyghurkitap.com

ئەمبەگۇل ھەمدە مەغرۇر، سەل مېغىز پۇرايدىغان، ئاسانلا توزۇپ كېتىدىغان سىرلىق يوگەيلەر بار ئىدى.

مەن ھەر خىل گۇللەردىن ئۇزۇۋېلىنغان بىر دەستە گۇلنى تۇتۇپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، جىرانىڭ ئىچىدە قىپ-قىزىل ئېچىلغان قېرىقىزنى كورۇپ قالدىم. بىز تەرەپتە ئۇنى "تاتارىن" دەپ ئاتايدۇ. چالغىچىلار چوپ چاپقاندا ئۇنى چاپماسلىققا تىرىشىدۇ. ئەگەر بىرەر توپىنى چېپىپ تاشلىغان بولسا، چالغىچىلار ئۇنىڭ تىكىنى سانچىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنى ئوت-چوپ ئارىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئۇزۇۋېلىپ، قولۇمدىكى گۇلگە قوشقۇم كەلدى. مەن شۇ ئوي بىلەن جىراغا چۈشۈپ، گۇلنىڭ تىلىغا چاپلىشىپ مەززە قىلىۋاتقان قارا ھەرىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ گۇلنى ئۇزۇشكە كىرىشتىم. بىراق بۇ ماڭا ناھايىتى قىيىن چۈشتى: ئۇنىڭ تىكەنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن سانچىلاتتى، مەن قولۇمنى ياغلىق بىلەن ئوراۋالغان بولسامۇ، ئۇنىڭ تىكەنلىرى ياغلىقتىن ئوتۇپ سانچىلاتتى. ئۇنىڭ چىڭلىغىنى دەيمەن، مەن ئۇنى ئۇزۇپ ئالىمەن دەپ بەش مىنۇتتەك ھەپىلەشتىم. ئاخىر گۇلنى ئاران ئۇزدۇم، قاردىسام ساپىغى ئوشتۇلۇپ، قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ كېتىپتۇ، گۇل ئوزىمۇ بۇرۇنقىدەك چىرايلىق كورۇنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ قوپال ۋە بەپ بولغاچقا، ئۇنى نازۇك گۇللەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇشنى راۋا كورمىدىم. بىر ئوبدان تۇرغان گۇلنى بىكار ئۇزۇپ نابۇت قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنى تاشلىۋەتتىم.

ئۇ گۈلنى ئۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن كۈچۈمنى ئېسىمگە ئېلىپ، ”ھاياتلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى نېمە دېگەن كارامەت، ئۇ ئۆزىنى ئاسانلىقچە قۇربان قىلىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن نەقەدەر چىڭ قوغدىنىدۇ-ھە“ دەپ ئويلىدىم.

ئويۇمگە بارىدىغان يول شۇدىگەر قىلىنغان، يېڭىلا ھەيدەلگەن قارا توپىلىق ئېتىزلار ئارىسىدىن ئۆتەتتى. مەن پورپاڭ قارا توپىلىق يول بىلەن دوڭگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. ھەيدەلگەن يەرلەر پومېشچىكنىڭ يېرى بولۇپ، ئىنتايىن كەڭرى ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە ئۇدۇلدىكى تاغدا قارا توپىلىق، تەكشى ھەيدەلگەن، تېخى تىرنىلانمىغان شۇدىگەر يەردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. يەر ئىنتايىن ياخشى ھەيدەلگەن بولغاچقا، پۈتۈن ئېتىزدا قاپ-قارا توپىدىن باشقا بىرەر تۈپ ئوسۇملۇك، بىرەر تۈپ ئوتمۇ يوق ئىدى. ”ئادەم دېگەن بۇزۇشقا نەقەدەر ئۇستا رەھىمسىز مەخلۇق-ھە، ئۆزىنىڭ جېنىنى دەپ شۇنچىۋالا جانىۋار، ئوسۇملۇكلەرنىڭ بېشىغا چىققىنىنى.“ مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ، قېلىپ قالغان بىرەر جانلىق نەرسە بارمىكىن دەپ، جىمجىت تۇرغان بۇ قاپ-قارا دالىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئالدىمدىكى يولنىڭ ئوڭ ياقىسىدا بىر تۈپ گىيا كۆرۈندى، مەن بۇ يەرگە كېلىپ قارىسام، ئۇ بايا يۇلۇپ تاشلىۋەتكىنىمگە ئوخشايدىغان ”تاتارىن“ ئىكەن.

بۇ ”تاتارىن“ ئۈچ شاخلىق بولۇپ، بىر شېخى ئۇشتۇلۇپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، نابۇت قىلىنغان بۇ شېخى كېسىلگەن قولدەك

تۇراتتى، قالغان ئىككى شىخىدا بىردىن گۈل بار ئىدى. بۇ گۈللەر ئەسلىدە قىزىل بولسىمۇ، ھازىر قارىيىپ قالغان. بۇ ئىككى تال شاخنىڭ بىر تېلى ئوتتۇرىدىن ئۇشتۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى گۈل لايغا مىلىنىپ ساڭگىلاپ قالغان. يەنە بىر تېلى لايغا مىلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا تىك تۇراتتى. ھارۋا بېسىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۆرە بولۇپ قالغاندەك ئىدى، شۇڭا قىڭغىيىپ تۇراتتى، نىمە بولسا بولسۇن، ئۇ ئۆرە بولالاپتۇ. ئۇنىڭ بىر پارچە گوشى كېسىۋېلىنغان، ئۈچەي-باغرى سۇغۇرۇۋېلىنغان، بىر قولى كېسىپ تاشلانغان، بىر كوزى ئويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆرە تۇرۇپ، ئەتراپتىكى قەۋمى-قېرىنداشلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلارغا باش ئەگمىگەندەك تۇراتتى.

"نىمە دېگەن زور كۈچ-قۇۋۋەت! ئادەم ھەممىنى يېڭىپ، مىليونلىغان ئوت-چۆپلەرنى قۇرۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭ باش ئەگمەي تۇرغىنىنى قارىمامدىغان."

مۇشۇلارنى ئويلاپ، بىر زامانلاردا كاپكازدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى. مەن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى كورگەن، بىر قىسمىنى كورگەنلەردىن ئاڭلىغان، بىر قىسمىنى خىيالەن توقۇدۇم. ئېسىمگە چۈشكەن ۋە خىيالەن توقۇغان بۇ ۋەقە قانداق شەكىللەنگەن بولسا، مەن شۇنداق بايان قىلاي.

# 1

بۇ ۋەقە 1851 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان.

نويابىر ئېيىنىڭ سوغاق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە هاجى مۇرات چېچېنلەرنىڭ ئاچچىق تېزەك تۈتۈنى قاپلىغان، ئەنسىزلىكتە تۇرغان ماخكېت كەنتىگە ئاتلىق كىرىپ كەلدى.

مەزىننىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزىنى ئەمدى توختىغان ئىدى، تاغنىڭ تېزەك تۈتۈنى ئارىلاشقان ساپ هاۋاسىدا، هەرە كوندىگىدەك زىچ ئۇيلەرگە تارالغان كالىلارنىڭ مورىشى، قويىلارنىڭ مەرىشى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەر كىشىلەرنىڭ ۋاقىرىشىۋاتقان يوغان ئاۋازلىرى، ئاياق تەرەپتىكى بۇلاق بويىدىن كېلىۋاتقان ئايالالار بىلەن باللارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

هاجى مۇرات شامىلنىڭ قەهرىمانلىق بىلەن نامى چىققان نائىبى ئىدى، ئۇ بىر ياققا بارغاندا ئۇزىنىڭ بەلگىسىنى تاقاپ، ئونلىغان چەۋەنداز مۇرىتلىرىنى ئېلىپ يۇرەتتى، هازىر ئۇ بېشىغا باشلىق، ئۇچىسىغا بۇركا① كىيىۋالغان ئىدى، بۇركا

---

① بۇركا ـــ كاپكازلىقلار كىيىدىغان يەڭسىز كىگىز چاپان. ـــ تەهرىرىدىن.

ئاستىدا ملتىغى تومپىيىپ تۇراتتى، يىنىدا بىرلا مۇرىدى قالغان ئىدى. ئۇ كىشلەرنىڭ كوزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن، يولىدا ئۇچرىغان كىشلەرگە ئوتكۇر قارا كوزلىرى بىلەن زەڭ قويۇپ قارايتتى.

كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ھاجى مۇرات مەيدانغا بارىدىغان چوڭ كوچا بىلەن ماڭماي، سول تەرەپتىكى بىر تار كوچىغا بۇرالدى. ئۇ تار كوچىدىكى 2-ئويگە-تاغنى كولاپ ياسىغان گەمىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەتراپىغا كوز يۈگۈرتۈپ قويۇپ توختىدى. لەمپە ئاستىدا ھىچكىم كورۇنمەيتتى. ئوگزىدە بولسا يېڭىلا سۇۋالغان مورىنىڭ كەينىدە جۇۋا يېپىنغان بىر ئادەم ياتاتتى. ھاجى مۇرات ئوگزىدە ياتقان ھىلىقى ئادەمنى قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن تۇرتۇپ، تامغىنى چەكتى. جۇۋا ئاستىدىن بېشىغا تېقىيە، ئۇچىسىغا ياغلىشىپ پاقىراپ كەتكەن پاختىلىق يېرتىق چاپان كىيگەن بىر بوۋاي قوپتى. بوۋاينىڭ كىرپىكسىز كوزلىرى ياشاڭغوراپ قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يۇمۇق كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئاران ئاچتى. ھاجى مۇرات ئادىتى بويىچە ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ دىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دىدى بوۋاي ھاجى مۇراتنى تونۇپ، كوماك ئاغزىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ ئورۇق، ئىنچىكە پۇتلىرى دىرىلدەيتتى، ئۇ مورىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ پاشنىلىق كەشنى كىيدى. ئاندىن چاپىنىنىڭ كىرلىشىپ تاراقشىپ كەتكەن يېڭىنى ئالدىرىماي سېپىپ، تامغا يولەكلىك شوتا

بىلەن چۇشۇشكە باشلىدى. بوۋاي چاپىنىنى كىيگەچ شوتىدىن چۈشۈۋېتىپ، قورۇق باسقان، ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن ئىنچىكە بويىنىنى ئىغاڭلىتىپ، بېشىنى چايقايتتى، كوماك ئاغزىنى ئىختىيارسىز پىچىرلىتاتتى. ئۇ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئىززەت- ئىكرام بىلەن ھاجى مۇراتنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى ۋە ئوڭ تەرەپتىكى ئۆزەڭگىسىنى تۇتتى. ئاڭغىچە ھاجى مۇراتنىڭ زىرەك-قاۋۇل مۇرىدى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، بوۋاينى چەتكە تارتىپ قويۇپ، بۇ ئىشلارنى ئۆزى بىجا كەلتۈردى.

ھاجى مۇرات ئاتتىن چۈشتى-دە، سەل ئاقساپ دەسسەپ، لەمپە ئاستىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئون بەش-ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر بالا چىقىپ، قوڭغۇزنى پاتۇرۇپ قويغاندەك قاپ-قارا كوزلىرىنى تىكىپ، داڭ قېتىپ قاراپ قالدى. بوۋاي بالىغا:

— يۈگۈر، مىچىتكە بېرىپ داداڭنى قىچقىرىپ كەل، — دېدى-دە، ئۆزى ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىدا بېرىپ، غىچىلدىتىپ ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئاچتى. ھاجى مۇرات ئۆيگە كىرگەندە، ئىچكەركى ئۆيدىن يېشىل ئىشتان، سېرىق كوينەك، ئۈستىدىن قىزىل چاپان كىيگەن ئورۇققىنا بىر جۇۋان يىكەنداز كوتىرىپ چىقتى، جۇۋان:

— خوش كېلىپسىز، — دەپ تازىم قىلىپ، تورگە يىكەندازنى سېلىپ، مېھماننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بالا-چاقىلىرىڭىزنىڭ ئومرى ئۇزۇن بولسۇن. — ھاجى مۇرات بۇركىسى بىلەن مىلتىغى ۋە قىلىچىنى بوۋايغا بېرىۋېتىپ،

www.uyghurkitap.com

جاۋابەن شۇنداق دېدى.

بوۋاي مىلتىق بىلەن قىلىچنى ئۆي ئىگىسىنىڭ قورالىنىڭ قېشىغا — ئىنچىكە سوۋاق قىلىنىپ، ئاپپاق ئاقارتىلغان تامدىكى ئىككى چىلاپچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويدى.

ھاجى مۇرات يېنىدىكى تاپانچىسىنى تۈزەپ، ئۇستىدىكى چېركەسكىسىنىڭ① تۈگمىسىنى چىڭىتىپ قويۇپ، يىكەندازغا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاي ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىككى قولىنى كۆتەردى، ھاجى مۇراتمۇ ئىككى قولىنى كۆتەردى، ئىككىسى دۇئا قىلدى.

— نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىدى ھاجى مۇرات بوۋايدىن.

— ھېچ خەۋەر يوق، — دېدى بوۋاي جاۋاپ بېرىپ نۇرسىز، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھاجى مۇراتنىڭ چىرايىغا ئەمەس، كۆكرىكىگە قاراپ، — مەن ھەسەلچىلىك مەيدانىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۈگۈن تېخى ھېلىلا بالامنى كۆرگىلى كېلىشىم ئىدى، نېمە خەۋەر بارلىقىنى شۇ بىلىدۇ.

ھاجى مۇرات بوۋاينىڭ ئۆزى بىلىدىغان، ھاجى مۇرات بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ھېلىقى ئىشنى دېگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپ، قايتا سورىمىدى.

— ئازراقمۇ خۇش خەۋەر يوق، — دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي، — خەۋەر بار دېسەك، توشقانلار ھە دەپ مەجلىس

---

① كاپكازدىكى ئاز سانلىق مىللەت بولغان چېركەسلەرنىڭ كىيىمى.

ئېچىپ، بۇركۇتنى قانداق قىلىپ قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ. بۇركۇتلەر بولسا بۇگۈن بىرسىنى، ئەتە بىرسىنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆتكەن ھەپتىدە رۇسلارنىڭ كۇچۇكلىرى مىچىتسكى كەنتىدىكىلەرنىڭ پىچانلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى، دەيۇزلەر، — دەپ غەزەپلىنىپ خىرىلدىدى بوۋاي.

ھاجى مۇراتنىڭ مۇرىدى كىردى. ئۇ كۇچلۇك ئاياقلىرى بىلەن چوڭ-چوڭ دەسسەپ، پەگادا ئۇنچۇقماستىن مېڭىپ، ھاجى مۇراتقا ئوخشاش، بۇركا، مىلتىق ۋە قىلىچلىرىنى ئېلىپ، ھاجى مۇراتنىڭ قورالىنى ئېسىپ قويغان ھىلىقى مىخقا ئېسىپ قويدى. ئۇنىڭ يېنىدا خەنجىرى بىلەن تاپانچىسىلا قالدى.

— بۇ، كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ئۇنى كورسىتىپ ھاجى مۇراتتىن.

— مېنىڭ مۇرىدىم بولىدۇ، ئىسمى ئېلدار، — دېدى ھاجى مۇرات.

— ياخشى، — دېدى بوۋاي ۋە ئۇنىڭغا ھاجى مۇراتنىڭ يېنىدىكى كىگىزدىن جاي كورسەتتى.

ئېلدار چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، سوزلەۋاتقان بوۋايغا قوي كوزلىرى بىلەن ئۈن-تىنسىز قارىدى. بوۋاي ئوز قېرىنداشلىرىنىڭ ئوتكەن ھەپتە ئىككى رۇس ئەسكەرنى تۇتۇۋېلىپ، بىرسىنى ئولتۇرۇپ، يەنە بىرسىنى ۋېدېنودىكى شامىلغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى سوزلەپ بېرىۋاتاتتى. ھاجى مۇرات بۇ سوزلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپمۇ كەتمەي، ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ،

تالادىكى تىۋىشقا زەڭ قويۇپ قۇلاق سالاتتى. لەمپە ئاستىدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى، ئارقىدىن غىچىلداپ ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆي ئىگىسى كىردى.

ئۆي ئىگىسى سادىر قىرىق ياشلاردىكى كوتىمەك ساقال، قاڭشالىق ئادەم بولۇپ، كوزلىرى ئانچە چاقناپ تۇرمىسىمۇ ھىلىقى بالىنىڭ يەنى ئوغلىنىڭكىدەك قاپ-قارا ئىدى. ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىپ، ئىشىككە يولىنىپ ئولتۇردى. ئۆي ئىگىسى ياغاچ كەشىنى پەگاغا سېلىۋېتىپ، ياغاق بولۇپ كەتكەن كونا پايپىقىنى قاپ-قارا چاچلىرى ئوسۇپ پاخپىيىپ كەتكەن گەجگىسىگە سۇرۇپ قويۇپ، ھاجى مۇراتنىڭ ئۇدۇلىدا يۇكۇنۇپ ئولتۇردى.

ئۇمۇ بوۋايغا ئوخشاش ھىلىقىدەك كوزلىرىنى يۇمۇپ، قولىنى كوتىرىپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن گەپ باشلاپ، شامىلنىڭ ھاجى مۇراتنى توسۇپ، ئۇنى يا تىرىك تۇتۇشقا، يا ئولتۇرۇشكە بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى، شامىلنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ بۇ يەردىن تېخى تۇنۇگۇنلا كەتكەنلىكىنى، يۇقىرىلار شامىلغا قارشىلىق كورسىتىشكە پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئاگاھ بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

— مەن ھايات ئىكەنمەن، ئۆيۈمدىكى مېھمانغا بىرىنىڭ چېقىلىشقا ھەددى ئەمەس. ئەمما سىرتتا بولغاندا قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئويلىنىش كېرەك، — دېدى سادىر.

ھاجى مۇرات ئۇنىڭ سوزىنى زەڭ قويۇپ تىڭشاپ، بېشىنى لىڭشىتتى ۋە سادىر سوزلەپ بولغاندىن كېيىن دېدى:



www.uyghurkitap.com

— يارايسەن، ئەمدى رۇسلارغا خەت ئەۋەتىش كېرەك. خەتنى مېنىڭ مۇرىدىم ئېلىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى كېرەك.

— ئىنىم باتانى ئەۋەتەي، — دېدى سادو ۋە ئوغلىغا قاراپ، — باتانى چاقىرغىن، — دېدى.

بالا بېسىپ قويۇپ بەرگەن پۇرژىنىدەك لىككىدە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن قول سېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئون مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يۈزلىرى ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن، ئاۋاق، پۇتلىرى قىسقا، ئۇچىسىغا چاكلىرى سوكۇلۇپ، يەڭلىرى يىرتىلىپ كەتكەن سېرىق چېركەسكە كىيىۋالغان، ئوتۇكلىرىنىڭ قونچى پۇرلىشىپ كەتكەن بىر چېچەن بىلەن كىرىپ كەلدى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭ بىلەن قىسقىچە تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئارتۇق گەپ قىلماي مەقسەتنى ئېيتتى:

— مېنىڭ مۇرىدىمنى رۇسلارنىڭ قېشىغا باشلاپ بارالامسەن؟

— بارالايمەن، — دېدى باتا خوشاللىق بىلەن قورۇنماي جاۋاپ بېرىپ، — ھەممە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن. مەندىن باشقا ھېچقانداق چېچەن يول تاپالمايدۇ. باشقىلار بارىدىغان بولسا، قۇرۇق ۋەدە بېرىپ، ھېچبىر ئىشنى پۈتتۈرەلمەيدۇ. مەن ھەممىگە يارايمەن.

— ياخشى، — دېدى ھاجى مۇرات، ئاندىن ئۈچ بارمىقىنى كورسەتتى، — ئىش ھەققىڭگە ئۈچ سوم ئالىسەن.

باتا چۈشەنگەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتتى، يىراق ئۇ پۇلغا خۇشتار ئەمەسلىگىنى، چىن كوڭلىدىن ھاجى مۇراتقا خىزمەت قىلىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ھاجى مۇراتنىڭ رۇس چوشقىلىرىنى قانداق قىرغانلىغىنى تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.

—ياخشى،—دېدى ھاجى مۇرات،—ئاغامچىنىڭ ئۇزۇنى ياخشى، سوزنىڭ قىسقىسى.

—خوپ، ئەمدى ئېغىز ئاچمايمەن،—دېدى باتا.

—ئارگۇن دەرياسى بۇرۇلىدىغان يەردىكى جىلغىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جاڭگاللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پارچە بوش يەر بار، شۇ يەردە ئىككى دۆۋە پىچان بار، بىلەمسەن؟

—بىلىمەن.

—شۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغان ئۈچ ئاتلىق كىشى بار،—دېدى ھاجى مۇرات.

—ھە،—دەپ بېشىنى لىڭشىتتى باتا.

—سەن خان مەغەمەدىن سورا، نىمە ئىش قىلىپ، نىمە دىيىشنى خان مەغەم بىلىدۇ. سەن ئۇنى رۇسلارنىڭ باشلىغى ۋورونتسوۋ كىنەزنىڭ يېنىغا باشلاپ بار، بولامدۇ؟

—بولىدۇ.

—باشلاپ بېرىپ، يەنە ياندۇرۇپ كېلىسەن. بولامدۇ؟

—بولىدۇ.

—بارغاندىن كېيىن جاڭگالغا قايتىپ كېلىسەن. مەن شۇ يەردە بولىمەن.

— ھەممىنى ئورۇنلايمەن، — دەپ باتا ئورنىدىن تۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— كېيىنكى كەنتكە يەنە بىر كىشى ئەۋەتىش كېرەك، — دېدى ھاجى مۇرات باتا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسىگە، — كېيىندا ئۇ مۇنداق قىلسۇن، — ئۇ قولىنى مەيدىسىدىكى ئوقدانغا ئاپىرىپ بىر نەرسە دېمەكچى ئىدى، ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى كورۇپ، دەرھال قولىنى چۈشۈرۈپ توختاپ قالدى.

بۇلارنىڭ بىرسى سادونىڭ ئايىلى — ھىلىقى يېكەنداز سالغان جۇۋان ئىدى. يەنە بىرسى قىزىل ئىشتان، يېشىل چاپان كىيگەن، كۆمۈشتىن قىلىنغان بېزەكلىرى مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇ توم، چىڭ ئورۇلگەن بىر تال قارا چېچىنىڭ ئۇچىغا بىر چاشتەككە تاقىۋالغان، ئۇنىڭ قاپ-قارا كوزلىرى ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئوماق، مۇلايىم چىرايىدا خوشاللىق جىلۋە قىلاتتى. قىز مېھمانلارغا قارىمىغان بولسىمۇ، مېھمان بارلىقىنى سەزگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

سادونىڭ ئايىلى يۇمۇلاق شىرە كوتىرىپ كىردى، شىرەگە چاي، سامسا، بوغۇرساق، چەلپەك، خام قايماق، قاتلىما نان ۋە ھەسەل قويۇلغان ئىدى. قىز ئاپتۇ-چىلاپچا، لوڭگە ئېلىپ كىردى.

قىزىل پوپۇش كىيگەن ئاياللار ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئەكەلگەن نەرسىلەرنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ بولغىچە ھاجى مۇرات

بىلەن سادو جىم ئولتۇرۇشتى. ئىلىدار ئاياللارنىڭ ئاياقلىرىغا قوي كۆزلىرىنى تىكىپ، قاققان قوزۇقتەك مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. ئاياللار ئۆيدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىك ئاياق تىۋىشى بېسىلغاندىن كېيىن ئىلىدار ئارام تاپقاندەك بولدى. ھاجى مۇرات مەيدىسىدىكى ئوقدانىنىڭ بىرىدىن بىر ئوقنى ئېلىپ، ئوقنىڭ ئاستىدىن چىلىڭ يوگەلگەن بىر خەتنى چىقىرىپ:

—بۇنى ئوغلۇمغا تاپشۇرسۇن، —دېدى.

—جاۋابىنى كىمگە ئەكىلىدۇ؟ —دەپ سورىدى سادو.

—ساڭا، سەن ماڭا يەتكۈزگىن.

—ماقۇل، —دېدى سادو خەتنى مەيدىسىدىكى ئوقدانغا سېلىپ، ئاندىن كېيىن ئاپتۇۋىنى قولىغا ئېلىپ، چىلاپچىنى ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھاجى مۇرات يەڭلىرىنى تۇرۇپ، قوللىرىنى ئاپتۇۋىغا تۇتتى. ئۇ تاپ-تازا قېلىن لوڭگە بىلەن قولىنى ئەرتتۇرۇپ، داستىخانغا كەلدى. ئىلىدارمۇ شۇنداق قىلدى. مېھمانلار تاماق يەۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان سادو مېھمانلارنىڭ كەلگىنىگە ئارقا-ئارقىدىن رەخمەت ئېيتتى. بوسۇغىدا ئولتۇرغان بالا ئوينىاق كۆزلىرىنى ھاجى مۇراتتىن ئۈزمەي، دادىسىنىڭ سۆزىنى ئىسپاتلىغاندەك كۈلۈمسىرەيتتى.

ھاجى مۇرات بىر كۈندىن بۇيان ھېچ نەمە يېمىگەن بولىسىمۇ، نان بىلەن خام قايماقتا ئانچە-مۇنچە ئېغىز تېگىپ، خەنجىرىنىڭ ئاستىدىن قەلەمتۇرۇچىنى ئېلىپ، نانغا ھەسەل

سۇركىدى.

— بىزنىڭ ھەسلىمىز ياخشى، بۇ يىل ھەسەل ناھايىتى كەڭرى، — دىدى بوۋاي ئۆز ھەسلىگە ھاجى مۇراتنىڭ ئىغىز تەككەنلىگىگە خۇرسەن بولۇپ.

ھاجى مۇرات رەخمەت دىدى-دە، داستىخاندىن سۇرۇلدى. ئىلدارنىڭ يەنە يىگۇسى بولسىمۇ، ئۇستازىنىڭ سۇرۇلگەنلىگىنى كورۇپ، ئۇمۇ داستىخاندىن سۇرۇلۇپ، ھاجى مۇراتقا ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىنى ئەكەلدى.

سادو ھاجى مۇراتنى مىھمان قىلىمەن دەپ بىشىغا بالا تىپىۋالىدىغانلىغىنى بىلەتتى، چۇنكى شامىل ھاجى مۇرات بىلەن جۇدالاشقاندىن كىيىن، بارلىق چىچىن خەلقىغە جىنىدىن تويىمغان ئادەم ھاجى مۇراتنى يىقىن يولاتمىسۇن دەپ جاكالىغان ئىدى. كەنتتىكىلەر ھاجى مۇراتنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىگىنى بىلىپ قىلىشى، ئۇنى تاپشۇرۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، سادو بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەيتتى، ئەكسىچە خوشال ئىدى. سادو مۇبادا جىنى كەتسىمۇ، بۇ مىھماننى قوغداشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىم دەپ بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدىن خۇرسەن ئىدى ھەم پەخىرلىنەتتى.

— جىنىم تىنىمدە بولىدىكەن، سەن مىنىڭ ئويۇمدە ئولتۇرغان چىغىڭدا ھىچكىم ساڭا غىڭ قىلالمايدۇ، — دىدى ئۇ ھاجى مۇراتقا قايتا-قايتىلاپ.

ھاجى مۇرات ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كوزلىرىگە قاراپ، بۇ

گەپلەرىنىڭ راستلىقىنى بىلىپ، مەغرۇر قىياپەتتە دېدى:

— ساڭا خوشاللىق، ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولغاي.

سادو ئۈنچۈقماستىن قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ تىلەكلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

سادو دەرىزىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېتىپ، ئوچاقتا ئوتۇن سېلىپ ئوت ياققاندىن كېيىن، ئىنتايىن خوشال ۋە روھلانغان ھالدا مېھمانخانىدىن چىقىپ، بالا-چاقىسى تۇرىدىغان ئۆيگە كىردى. ئاياللار تېخى ئۇخلىماي، مېھمانخانىدىكى خەۋپلىك مېھمانلار توغرىلىق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

## 2

شۇ ئاخشىمى ھاجى مۇرات قونغان كەنتتىن ئون بەش چاقىرىم يىراق بولغان ئالدىنقى سەپتىكى ۋوزدۋىژېنسكى قورغىنىدىن شاھگىرىن دەرۋازىسىغا قاراپ ئۈچ ئەسكەر بىلەن بىر بەنجاڭ يولغا چىقتى. ئۇلار شۇ چاغدىكى كاپكاز ئەسكەرلىرىنىڭ پوسۇنىدا كالتە جۇۋا، باشلىرىغا پاپاخ، پۇتلىرىغا قونچى تىزىدىن ئاشىدىغان ئۆتۈك كىيگەن، جۇۋىلىرىنى قاتلاپ ئۈشنىسىگە ئارتىۋالغان ئىدى. قورالىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغان بۇ ئەسكەرلەر ئاۋال جاڭگالدىكى يول بىلەن يۈرۈپ، بەش يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن

كېيىن يولىدىن چىقىپ، ئوڭغا بۇرالدى، ئۇلار غازاڭلارنى شىلدىرلىتىپ دەسسەپ يىگىرمە قەدەمچە مېڭىپ، سۇنۇپ كەتكەن قاپ-قارا غولى قاراڭغۇدىمۇ كورۇنۇپ تۇرغان بىر تۇپ چىنار-نىڭ يېنىدا توختىدى. بۇ چىنارنىڭ ئەتراپىغا دائىم گۇزەتچى قويۇلاتتى.

ئەسكەرلەر جاڭگاللىقتا كېلىۋاتقاندا دەرەخ شاخلىرى ئۇستىدىن يۇگۇرگەندەك كورۇنگەن يوپ-يورۇق يۇلتۇزلار ئەمدى توختاپ قالغاندەك، قاخشال دەرەخلەر ئارىسىدا جىمىرلايتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى، قۇرۇق ئىكەن. — بەنجاڭ پانوۋ بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ مۇرىسىدىن نەيزىلىك مىلتىغىنى ئېلىپ، دەرەخقە تاراققىدە يولەپ قويدى، ئۇچ ئەسكەرمۇ شۇنداق قىلدى.

— ھېلى بار ئىدى، چۇشۇرۇپ قويۇپتىمەن-دە، — دېدى پانوۋ ئاچچىقلىنىپ، — بىر بولسا ئۇنتۇپ قالدىم، بىر بولسا يولدا چۇشۇرۇپ قويدۇم.

— نېمە ئىزدەپ يۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى بوم، خۇش خۇي ئاۋاز بىلەن.

— غاڭزامنى ئىزدەپ يۇرىمەن. ئۇ ئۇقەت نەگە يوقالغاندۇ!

— سېپى بارمۇ؟ — سورىدى ھېلىقى ئەسكەر بوم ئاۋاز بىلەن.

— سېپى، مانا ئەمەسمۇ؟

— بىز يەرنى ئويۇپ چەكسەكچۇ؟

— ھىم، نەدە چېكەتتۇق؟

— بىز ھازىر ئەپلەيمىز.

كۈزەتتە تۇرغاندا تاماكا چېكىش چەكلىنەتتى. لېكىن بۇ كۈزەتچىلەر كۈزەتچىگە ئەمەس، ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇلغا ئوخشايتتى. تاغلىقلار تۈيدۈرماستىن زەمبىرەكلىرىنى سۈرەپ كېلىپ، قورغاننى ئوققا تۇتاتتى، ئۇلار ئىلگىرى دائىم دىگۈدەك شۇنداق قىلغان، بۇلار بولسا مانا شۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە كەلگەن ئىدى، شۇڭا پانوۋ تاماكا چەكمەسلىككە كۆڭلى قويماي، ھىلىقى خۇش خۇي ئەسكەرنىڭ تەكلىۋىگە ماقۇل بولدى. ئۇ ئەسكەر يانچۇغىدىن قەلەمتۇراچ ئېلىپ، يەرنى ئويۇشقا باشلىدى. ئۇ كىچىككىنە بىر ئورەك كولاپ ئۈستىنى تەكشىلىگەندىن كېيىن، غاڭزىنىڭ سېپىنى ئورەككە ئورناتتى، ئاندىن ئورەككە تاماكا سېلىپ، ئۇنى چىڭدىدى، شۇنداق قىلىپ، غاڭزا پۈتتى. سەرەڭگە ياققاندا، يەرگە يۈزىنى قىلىپ ياتقان ھىلىقى ئەسكەرنىڭ كەڭ يۈزلىرى يورۇپ كەتتى. غاڭزىدىن چىرىسلاپ ئاۋاز چىقىشقا باشلىغاندا، پانوۋنىڭ بۇرنىغا تۇتاشتۇرۇلغان تاماكا ھىدى ئۇرۇلدى.

— پۈتتىمۇ؟ — دىدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ.

— پۈتمەيچۇ.

— ياراپسەن، ئاۋدېيېۋ! ۋاي شەيتان. قېنى، مەن بىر كۆرەيچۇ!

ئاۋدېيېۋ يانچە يېتىپ، ئاغزىدىن پۇقۇرتۇپ ئىس چىقىرىپ تۇرۇپ، ئورنىنى پانوۋغا بەردى.

پانوۋ يېتىپ تۇرۇپ، غاگزىنىڭ سىپىنى يىگى بىلەن سۇرتتى ـ دە، تاماكىنى شوراشقا باشلىدى.

تاماكا چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر پاراڭغا چۈشتى.

ـ ئاڭلىساق، ليەنجاڭ يەنە ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئاپتۇ. قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، ـ دىدى بىر ئەسكەر ئەزىملىك بىلەن سوزلەپ.

ـ ئۇ قايتۇرىدۇ، ـ دىدى پانوۋ.

ـ ئۇنىڭ ياخشى ئەپتىسەرلىگىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ـ دىدى ئاۋدېيېۋ جەزملەشتۇرۇپ.

ـ نەرى ياخشى، ـ دىدى ھېلىقى سوز باشلىغان ئەسكەر ئەلەم بىلەن، ـ مېنىڭچە، ليەنىمىز ئۇنىڭغا: ئالغان ئېكەنسەن، قانچىلىك ئالدىڭ، بۇنى قاچان قايتۇردىغىنىڭنى ئېيت، دىيىشى كېرەك.

ـ ليەندىن نىمە دىسە شۇ بولمامدۇ، ـ دىدى پانوۋ غاگزىدىن يىراقلاپ.

ـ دۇرۇست، تەشكىل دىگەن ھەممە ئادەمدىن چوڭ، ـ دىدى ئاۋدېيېۋ كەسكىن تۇردە.

ـ سىنى قارا، سۇلۇ سېتىۋېلىش كېرەك، ئەتىياز كېلىۋاتىدۇ، ئوتتۇكلەرنى يامىتىش كېرەك، ھەممىسىگە پۇل كېتىدۇ. ئۇ پۇلنى ئېلىپ كەتسە،...ـ دىدى ھېلىقى نارازىلىغى بار ئەسكەر سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ـ مېنىڭچە، قانداق قىلىش ليەننىڭ ئىختىيارىدا، ـ دىدى

پانوۋ سوزىنى تەكرارلاپ، —بەرمسگەن يېرى يوق، ئالسا قايتۇرىدۇ، بۇنداق ئىش بىر قېتىم بولغىنى يوق.

ئۇ چاغلاردا كاپكازدا ھەر بىر ليەن مالىيە ئىشلىرىنى ئۆزلىرى سايلىغان ئادەم ئارقىلىق باشقۇراتتى، دولەت غەزنىسىدىن كىشى بېشىغا ئالتە يېرىم سومدىن پۇل ئېلىپ، يىمەك-ئىچمىگىنى ئۆزى قامدايتتى: بەسەي تېرىيتتى، ئوت ئوراتتى، ئات-ھارۋا قىلاتتى، سېمىز ئاتلىرى بىلەن ماختىناتتى. ليەنىنىڭ پۇللىرى ساندۇقتا ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ليەنجاڭ تۇتاتتى، شۇڭا ليەنجاڭ كوپىنچە ساندۇقتىن پۇل ئېلىپ ئىشلىتىپ كېتەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولغان ئىدى، ئەسكەرلەرنىڭ سوزلىشىۋاتقىنىمۇ شۇ ئىش ئىدى. ھىلىقى روھسىز ئەسكەر نىكىتىن ليەنجاڭ ھىساۋاتىنى ئېنىق ئېلان قىلىشى كېرەك دىسە، پانوۋ بىلەن ئاۋدېيېۋ بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دىيىشەتتى.

پانوۋدىن كېيىن نىكىتىنمۇ تاماكا چەكتى، ئاندىن كېيىن جۇۋىسىنى تېگىگە سېلىپ، دەرەخقە يولىنىپ ئولتۇردى. ئەسكەرلەر جىمىپ قالدى. شامالدا دەرەخلەرنىڭ شىلدىرلىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. بۇ جىم-جىتلىق ئىچىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ چىلبورىلەرنىڭ ھۇۋلىشى، ئىڭراشلىرى، غىڭشىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

—بۇ شورى قۇرىغۇرلارنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى قارا، —دىدى ئاۋدېيېۋ.

—ئۇلار سېنى يۈزى مايماقكەن دەپ مازاق قىلىۋاتىدۇ، —



www.uyghurkitap.com

دىدى ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان توتىنچى ئەسكەر ئۇكرا-
ئىن تەلەپپۇزىدا.

ئەتراپنى يەنە جىم-جىتلىق باستى. شامالدا شىلدىرلاۋاتقان دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن يۇلتۇزلار گاھ كورۇنۇپ، گاھ كورۇنمەي قالاتتى.

— قانداق ئانتونىچ، — دەپ ئۇشتۇمتۇتلا سورىدى خوش كوڭۇل ئاۋدىيېۋ پانوۋتىن، — سېنىڭمۇ ئىچىڭ پۇشىدىغان چاغ-لىرىڭ بارمۇ؟

— نېمىگە ئىچىم پۇشاتتى؟ — دىدى پانوۋ خوشياقماسلىق بىلەن.

— بەزىدە شۇنداق ئىچىم پۇشىدۇكى، كوزۇمگە ھېچنىمە كورۇنمەي قالىدۇ.

— ھەيىيى، سەنزە! — دىدى پانوۋ.

— ئىچىم پۇشۇپ، پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ تۇگەتتىم. ئىچىم پۇشۇۋەردى، مېنىڭمۇ مانا ئەمسە دەپ ئىچىپ، كوڭلۇمنى خوش قىلغۇم كەلدى.

— بەزىدە ھاراق ئىچسەڭ تېخىمۇ بولمايدۇ.

— بۇ دىگىنىڭ راست، بىراق ئامالىڭ قانچە؟

— نىمىشقا بۇنداق ئىچىڭ پۇشىدۇ؟

— مەنمۇ؟ ئويىنى سېغىنىپچۇ.

— قانداق؟ ئائىلەڭلار بارمۇ؟

— باي دىگۇدەكمۇ ئەمەس، يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىمىز

بار، كۈنىمىز يامان ئەمەس.

شۈنىڭ بىلەن ئاۋدېيېۋ پانوۋغا نەچچە قېتىم ئېيتقان گەپ-لىرىنى يەنە سوزلەشكە باشلىدى.

— مەن ئاكامنىڭ ئورنىغا ئەسكەر بولۇپ كەلگەن، — دىدى ئاۋدېيېۋ، — ئۇ بالىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش جان، مەنچۇ يېڭىلا ئويلەنگەن. ئاپام ماڭا يالۋۇرۇپ كەتتى. مەن ئويلاپ كورۇپ، بارسام باراي، مېنىڭ ياخشىلىغىمنى ئۇنتۇماس دىدىم. مەن خوجايىنىنىڭ قېشىغا باردىم، خوجايىنىمىز ياخشى كىشى ئىدى. ئۇ: ئوغلۇم، بارغىن، دىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكامنىڭ ئورنىغا ئەسكەر بولۇپ قالدىم.

— ھە، بۇ ئىشىڭ ياخشى بوپتىكەن، — دىدى پانوۋ.

— سەن ئىشەنمەسسەن، ئانتونىچ، ھازىر ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ. مېنى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە كەلگەن دىگەننى ئاڭلىساملا جۇدۇنۇم ئورلەيدۇ. كىشىلەر: "ئاكاڭ راھەتتە يۇرۇۋاتىدۇ. سەن بۇ يەردە كورگۈلۈكنى كورۇۋاتىسەن" دەيدۇ. مەن بۇنى ئويلىغانسىرى ئازاپلىنىمەن. پىشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كېرەك.

ئاۋدېيېۋ بىر پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن دىدى:

— يەنە بىر چەكمەيمىزمۇ؟

— چەكسەك چېكەيلى، بولە ئەمىسە.

لېكىن ئەسكەرلەر چېكىشكە ئۇلگۈرەلمىدى. ئاۋدېيېۋ ئورنى-دىن تۇرۇپ غاڭزىنى ئەپلەشتۇرۇپ بولغىچە بورانىنىڭ گۈكىرىشى

ئىچىدە چوڭ يولدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. پانوۋ مىلتىغىنى ئېلىپ، نىكىتىنىنى پۈتى بىلەن تۈرتتى. نىكىتىن ئورنىدىن قوپۇپ، جۇۋىسىنى ئالدى. ئۈچىنچى ئەسكەر بوندارېنكومۇ ئورنىدىن قوپتى.

— ئاغىنىلار، مەن بىر چۈش كورۈۋاتاتتىم...

ئاۋدېيېۋ شۈنداق دەۋاتقان بونداربنكونى بىر نوقۇۋىدى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى جىم بولدى. ئوتۇكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشمايدىغان يېنىك ئاياق تىۋىشى بارا-بارا يېقىنلاشتى. قاراڭغۇدا يوپۇرماقلار بىلەن شاخلارنىڭ دەسسەلگەن ئاۋازى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى. ئارقىدىن چېچەكلەرنىڭ ئوزىگە خاس تاۋۇش بىلەن سوزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەمدى ئەسكەرلەر ئاۋازنىلا ئاڭلاپ قالماي، دەرەخ ئارىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتىن ئىككى كىشىنىڭ قارا كولەڭگىسىنىمۇ كوردى. كولەڭگىنىڭ بىرسى پاكارراق، بىرسى ئېگىزرەك ئىدى. كولەڭگىلەر ئەسكەرلەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، پانوۋ مىلتىغىنى كوتىرىپ، ئىككى ھەمراسى بىلەن چوڭ يولغا چىقىپ.

كىم؟ — دەپ توۋلىدى.

— چېچېن پۇقراسى، — دېدى پاكارراغى جاۋاپ بېرىپ. بۇ باتا ئىدى، — مىلتىقىمۇ يوق، قىلىچىمۇ يوق، — دېدى ئۇ يېنىنى كورسىتىپ، — بىز كىنەز بىلەن كورۇشمەكچى.

ھېلىقى ئېگىزرەكى ھەمرىيىنىڭ قېشىدا ئۈنچۇقماي تۇراتتى. ئۇنىڭدىمۇ قورال يوق ئىدى.

— ئايغاقچىلار، تۇەنجاڭ بىلەن كورۇشكىلى بارىدىكەن، — دىدى پانوۋ ھەمرالىرىغا چۈشەندۇرۇپ.

— ۋورونتسوۋ كىنەز بىلەن كورۇشۇش ئىنتايىن زورۇر بولۇپ قالدى، مۇھىم ئىش بار ئىدى، — دىدى باتا.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بىز باشلاپ بارايلى، — دىدى پانوۋ، ئاندىن ئاۋدىيىيۇغا قاراپ ئېيتتى: — بونداريىنكو بىلەن ئىككىڭلار باشلاپ بېرىڭلار. نوۋەتچىگە ئۇتكۇزۇپ بېرىپ سىلەر قايتىپ كېلىڭلار. ھېزى بولۇڭلار، ئالدىڭلارغا سىلىپ، ھۇشيارلىق بىلەن ئېلىپ مېڭىڭلار. بۇ تاقىر باشلار چاققان كېلىدۇ.

— بۇ نىمە ئىش قىلىدۇ، — دىدى ئاۋدىيىيۇ نەيزىلىك مىلتىغى بىلەن نەيزە سانچىش ھەركىتىنى كورسىتىپ، — شۇنداق بىر سانچىسام ھەممىسى جەھەننەمگە ئۇزايدۇ.

— ئۇلتۇرۇۋەتسەڭ، ئۇلارنىڭ نىمىسى قالىدۇ، — دىدى بونداريىنكو، — مېڭىشە، كەتتۇق!

ئىككى ئەسكەر بىلەن ئايغاقچىلارنىڭ ئاياق تۇۋشى بېسىلغاندا، پانوۋ بىلەن نىكىتىن ئۇز ئورۇنلىرىغا قايتىپ باردى.

— ئۇلار نىمە قىلىپ كېچىدە كېلىپ يۇرىدۇ، — دىدى نىكىتىن.

— ئىشى بولغاچقا دە، — دىدى پانوۋ، ئاندىن: — سوغ بولۇپ كەتتى، — دەپ جۇۋىسىنى ئېچىپ كىيىپ، دەرەخقە يولىنىپ ئولتۇردى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاۋدىيىيۇ بىلەن بونداريىنكو قايتىپ



www.uyghurkitap.com

كەلدى.

— قانداق، تاپشۇرۇپ بەردىڭلمۇ؟ — دەپ سورىدى پانوۋ.

— تاپشۇرۇپ بەردۇق. تۇەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر تېخى ئۇخلىماپتىكەن، ئۇدۇل شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويدۇق. ھېلىقى تاقىر باشلار شۇنداق ياخشى نىملەر ئىكەن، — دېدى ئاۋدېيېۋ — ئەزىبرايى! مەن ئۇلار بىلەن شۇنداق سوزلىشىپ كەتتىم.

— سېنىڭ ئۇلار بىلەن سوزلىشىدىغانلىغىڭنى بىلەتتىم، — دېدى نىكىتىن نارازى بولۇپ.

— راستىلا، خۇددى رۇسلارغا ئوخشاش سوزلەيدىكەن، بىرسى ئويلەنگەن ئىكەن، "مارجاڭ بارمۇ؟" دېسەم، "بار" دېدى. "بالاڭ بارمۇ؟" دېسەم، "بار" دېدى، "كوپمۇ دېسەم، "ئىككى" دېدى. شۇنداق ياخشى سوزلىشىپ كەتتۇق، ياخشى يىگىتلەر ئىكەن.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى نىكىتىن، — يالغۇز ئۇچراپ قالساڭ، ئۇچەي-باغرىڭنى چۇۋۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى پانوۋ.

— ھەئە، يۇلتۇزلار ئوچۇپتۇ، — دېدى ئاۋدېيېۋ ئولتۇرۇۋېتىپ.

ئەسكەرلەر يەنە جىمىپ قالدى.

# 3

گەزەرملەر بىلەن ئەسكەر ھوجرىلىرىنىڭ دەرىزىلىرى قاپ-قاراڭغۇ، لېكىن قورغاندىكى ئەڭ ياخشى بىر ئۆينىڭ دەرىزىسى تېخىچە يوپ-يورۇق ئىدى. بۇ ئۆيدە كۈرىنىسكى تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى، باش قوماندانىنىڭ ئوغلى، ياساۋۇل ئەمەلدار سېمىيون مىخايلوۋىچ ۋورونتسوۋ كىنەز تۇراتتى. ۋورونتسوۋ ئۆزىنىڭ ئايىلى، پېتېربۇرگنىڭ داڭلىق ساھىپجامالىلىرىدىن بىرى بولغان مارىيە ۋاسىلىيېۋنا بىلەن بىللە تۇراتتى ۋە كاپكازدىكى مۇشۇ كىچىككىنە قورغاندا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان راھەتتە ياشايتتى. ۋورونتسوۋغا بولۇپمۇ ئايىلىغا بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئاددى، تولىمۇ جاپالىق تۇيۇلاتتى. يەرلىكلەر بولسا ئۇلارنىڭ بۇ ھەددىدىن زىيادە ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىغا ھەيران قالاتتى.

كېچە سائەت ئون ئىككى، ھەممە يېرىگە گىلەم سېلىنغان، دەرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئازادە مېھمانخانىدا ئۆي ئىگىسى مېھمانلار بىلەن تۆت شام يېقىلغان يۇمىلاق شىرەدە قەرت ئويناپ ئولتۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۈزى سوزۇنچاق، چاچلىرى ئاق سېرىق كەلگەن، ياساۋۇل ئەمەلدارلىق بەلگىسىنى تاقىغان بىرسى ئۆي ئىگىسى، تۈەنجاڭ ۋورونتسوۋ، ئۇنىڭ

ئۇدۇلىدىكى چاچلىرى ياخىيىغان، چىرايى سولغۇن يىگىت پېتېربۇرگ داشۇبىسىنى پۈتتۈرگەن باكالاۋىر بولۇپ، ۋوروتسوۋا خانىم ئۇزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان كىچىك ئوغلىنى ئوقۇتۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن ئوقۇتقۇچى ئىدى. بۇلارغا قارشى ئولتۇرغان ئىككى ئەپتىسەرنىڭ كەڭ يۈزلۈك، ئوگى قىزىل كەلگىنى گۈۋاردىيىدىن يوتكەپ كېلىنگەن ليەنجاڭ پولتاراتىسكى، تىك ئولتۇرغان، كېلىشكەن، تەمكىن كەلگىنى تۇەننىڭ فۇگۇەنى ئىدى. ئىگىز بويلۇق، قارا قاش، كوزلىرى چوڭ كەلگەن ساھىپجامال مارىيە ۋاسىلىيېۋنا پولتاراتىسكىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قەرت ئوينىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. كەڭ كوينەكلىرى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا تېگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سوزى، قاراشلىرى، كۈلكىسى، ھەر بىر ھەركىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئەتىر پۇراقلىرىدىن پولتاراتىسكى مەس بولۇپ، ئېسىنى يوقاتقان ئىدى ۋە شۇ تۇرقىدا ساھىپجامالنىڭ ئۇز يېنىدا ئىكەنلىكىدىن باشقا ھىچ نەرسىنى سەزمەيتتى. شۇڭا ئۇ قەرتتە ئارقا-ئارقىدىن خاتالىشىپ، شېرىگىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۇرۇپ قويدى.

پولتاراتىسكى تۇزنى چۇشكەندە، فۇگۇەن:

— بولدى، بۇنداق ئوينىساق قاملاشمايدۇ! يەنە بىر تۇز زايا كەتتى، — دېدى قىزىرىپ.

پولتاراتىسكى خۇددى ئەمدى ئويغانغان كىشىدەك، يوغان، قاپ-قارا كوزلىرى بىلەن، نارازى بولۇۋاتقان فۇگۇەنگە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

—ئۇنى كەچۈرۈڭ، —دېدى مارىيە ۋاسىلىيېۋنا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن پولتاراتىسكىگە قاراپ. —مەن سىزگە ئېيتمىدىممۇ، —دەپ ئەسكەرتتى.

—سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز زادىلا بۇ ئەمەس، —دېدى پولتاراتىسكى كۈلۈپ.

—نىمىشقا ئۇ ئەمەس؟ —دەپ ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى پولتاراتىسكىنى شۇ قەدەر ھاياجانلاندۇرۇپ، شۇ قەدەر خوشال قىلدىكى، ئۇ قىزىرىپ كېتىپ، قەرتىنى ئېلىپلا شىلاشقا باشلىدى.

—سەن شىلىمايسەن، —دېدى فۇگۇەن زەردە بىلەن، ئاندىن ئۇ ياقۇت كوزلۇك ئۈزۈك سالغان ئاپپاق قوللىرى بىلەن قەرتىنى تېزرەك تارقىتىپ تۈگىتىۋېتىشكە تىرىشقاندەك، ئىتتىك-ئىتتىك تارقىتىشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا كىنەزنىڭ خىزمەتكارى مېھمانخانىغا كىرىپ كىنەزنى نوۋەتچىنىڭ بىر ئىشقا چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى.

—جاناپلار، ئەپۇ قىلىڭلار، —دېدى كىنەز ئىنگلىزچە تەلەپپۇزدا، —مارىيە، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئوينىغىن.

—رازىمۇ سىلەر؟ —دەپ سوراپ ئىگىز بويلۇق خانىم لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يىپەك كوينىكى شىپىرلاپ، چىرايىدا بەختلىك ئاياللارغا خاس كۈلكە ئوينىدى.

—مەن ھەرقاچان رازىمەن، —دېدى فۇگۇەن، ئۇ ھازىر پەقەت قەرت ئويناشنى بىلمەيدىغان كىنەز خانىم بىلەن قارىمۇ-

قارشی ئۆینایدىغانلىغىغا خۇرسەن ئىدى. پولتاراتىسكى بولسا قوللىرىنى يېيىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

كىنەز مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندە، ئويۇن ئاياقلىشاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىنتايىن خوشال كىرىپ كەلدى.

— مېنىڭ سىلەرگە قانداق مەسلىھەت بېرىدىغانلىغىمنى بىلەمسىلەر؟

— نىمە؟

— بىر رۇمكىدىن شامپانسكى ئىچەيلى.

— مەن ھەرقاچان تەييار، — دىدى پولتاراتىسكى.

— ئۇنداق بولسا ئىنتايىن ياخشى، — دىدى فۇگوۋەن.

— ۋاسىلى، ھاراق ئەكەل، — دىدى كىنەز.

— سىزنى نىمىگە چاقىرىپتۇ؟ — دەپ سورىدى مارىيە ۋاسىلىيېۋنا.

— نوۋەتچىدىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بار ئىكەن.

— كىم، نىمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى مارىيە ۋاسىلىيېۋنا ئالدىراپ.

— دىگىلى بولمايدۇ، — دىدى ۋورونتسوۋ مۈرىسىنى قىسىپ.

— دىگىلى بولمايدۇ، — دەپ مارىيە ۋاسىلىيېۋنا تەكرارلىدى ۋە: — خوپ، بىلىپ قالارمىز، — دىدى.

شامپانسكى كەلتۈرۈلدى، مېھمانلار بىر رۇمكىدىن ئىچىشتىدە، ئويۇننى تۈگىتىپ، ھىساپلىشىپ، خوشلىشىشقا باشلىدى.

— ئەتە سىزنىڭ ليەنىگىز جاڭگالغا ياغاچ كەسكىلى

بارامدۇ؟①

— ھەئە، مېنىڭ لېيەنىم باردۇ، قانداق؟

— ئۇنداقتا ئەتە كۆرۈشىمىز، — دېدى كىنەز سەل كۈلۈمسىرەپ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى پولتاراتسكى، بىراق ئۇ ۋورونتسوۋنىڭ سوزىنى چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ ئەس-يادى مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ ئاپپاق، يوغان قولىدىن تۇتۇپ خوشلىشىۋېلىشتا ئىدى.

مارىيە ۋاسىلىيېۋنا ئادىتى بويىچە، پولتاراتسكىنىڭ قوللىرىنى قاتتىق سىقىپلا قالماستىن، تېخى قاتتىق بىر سىلكىپ قويدى. ئۇ قەرت ئوينىغاندا قەرتنى غىشتىن باشلاپ، خاتالاشقانلىغىنى پولتاراتسكىنىڭ ئېسىگە سېلىپ، مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكىسى پولتاراتسكىگە كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلىدىغان، يېقىملىق، چوڭقۇر مەنىلىك بولۇپ تۇيۇلدى.

پولتاراتسكى كۆڭلى خوش ھالدا ئۆيىگە قايتتى. بۇنداق خوشاللىق پەيزىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاقسوڭەكلەر ئارىسىدا

---

① شۇ چاغدىكى چار روسىيە ئەسكەرلىرى كاپكازدا شامىل بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، دۈشمەننىڭ جاڭگالدىن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كورۇش ئۈچۈن ”ياغاچ كېسىش سىياستى“ نى قوللىنىپ، جاڭگاللىقلاردا كەڭ يول ئېچىپ، تەدرىجى ئىلگەرىلىگەن.

چوڭ بولغان ۋە تەربىيە كورگەن كىشى ھەربىدە نەچچە ئايلاپ بويتاق ياشىغاندىن كېيىن ئوزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش مۇھىتىدەك شارائىتتا ياشاۋاتقان ئايالىنى يەنە كېلىپ مارىيەدەك كىنەز خانىمنى كورگەندە ئاندىن سۇرەلەيتتى.

ئۇ بىر ھەمرىيى بىلەن ياتىدىغان ياتاققا كېلىپ، ئىشىكنى ئىتتەردى. لېكىن ئىشىك ئىلىقلىق ئىدى. قېقىپ باقتى، يەنە ئېچىلمىدى، ئۇ جۇدۇنى ئورلەپ، پۇتى ۋە قىلىچى بىلەن ئىشىكنى تاقىلداتتى. بىر كەمدە ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ، خىز-مەتچى — پولتاراتىسكىنىڭ ئوي خىزمەتچىسى ۋاۋىلو ئىلىگەكنى ئالدى.

— نىمە دەپ ئىشىكنى ئىلىپ قويدۇڭ؟ كالۋا!

— ئىلىپ قويمىسام بولامدۇ، ئالكسي ۋلادىمىر...

— يەنە مەس بولۇۋالغىنىڭنى. ۋوي سېنى... پولتاراتىسكى ۋاۋىلونى ئۇرماقچى بولۇپ، پەيلىدىن ياندى.

— خەير، بۇدا ئوتكۇزۇۋېتەي، شام ياندۇر.

— مانا ھازىر.

ۋاۋىلونىڭ ھاراق ئىچكىنى راست ئىدى. ئۇ لاۋازىماتچىغا نام بېرىش زىياپىتىدە ئىچكەن. ئۇ ئويگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوزىنىڭ ھال-كۇنىنى لاۋازىماتچى ئىۋان ماكايىچىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئويغا چومدى. ئىۋان ماكايىچىنىڭ تاپاۋىتى بار، ئويلۇك-ئوچاقلىق بولغان، بىر يىلدىن كېيىن ھەربى تۇرمۇشتىن پۇتۇنلەي قۇتۇلۇشى كوزگە كورۇنۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ۋاۋىلوچۇ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا يۇقۇرىغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوجايىنلارغا خىزمەتكارلىقتا ئىلىنغان، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ يېشى قىرىقتىن ئاشتى، لېكىن تېخىچە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغىنى يوق. ئۇتامى يوق بۇ خوجايىن بىلەن ھەر ياقلاردا كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. تەلىيىگە، خوجايىن ياخشى كىشى بولغاچقا ئانچە كوپ ئۇرۇپ تىللىمايدۇ. لېكىن مۇشۇمۇ تۇرمۇش بولدىمۇ؟ "خوجايىن كاپكازدىن قايتقاندىن كېيىن سېنى ئازات قىلىمەن دەيدۇ، ئازات بولغاندىن كېيىن نەگە باراتتىم... ئىتنىڭ كۈننى كورىدىغان گەپ." ۋاۋىلو ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، قاتتىق ئۆيىقۇسى كەلگەندىن كېيىن، بىرسى كىرىپ ئۇنى ـ مۇنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتمىسۇن دەپ ئىشىكنى ئىلىپ قويۇپ، يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى.

پولتاراتىسكى ئويگە كىردى، بۇ يەردە ئۇنىڭ تىخونوۋ دىگەن بىر خىزمەتدىشى ياتاتتى.

ــ قانداق، ئۇتتۇرۇۋەتتىڭمۇ نىمە؟ــ دىدى تىخونوۋ ئويغىنىپ.

ــ ياق ئون يەتتە سوم ئۇتتۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر بوتۇلكا شامپانىسكىنى قۇرۇتتۇق.

ــ يەنە مارىيە ۋاسىلىيېۋناغا قاراپ ئولتۇردۇم دىگىنە؟

ــ دىمىسەڭمۇ، مارىيە ۋاسىلىيېۋناغا قاراپ ئولتۇردۇم، ــ دىدى پولتاراتىسكى.

ــ ئورۇندىن تۇرۇش ۋاقتىمىز يېقىنلاپ قالدى، ــ دىدى

تىخونوۋ، ــ سائەت ئالتىدە ئاتلىنىمىز.

ــ ۋاۋىلو، ــ پولتاراتىسكى توۋلىدى، ــ ئېسىڭدە بولسۇن، مېنى ئەتە سائەت بەشتە ئويغىتىپ قوي.

ــ سىزنى قانداق ئويغىتىمەن، مېنى يەنە دۇمبالارسىز-مىكىن.

ــ ئويغات دىگەندىكىن ئويغات، ئۇقتۇڭمۇ؟

ــ خوپ.

ۋاۋىلو ئوتۇك بىلەن كىيىم-كېچەكنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، پولتاراتىسكى كارۋاتتا يېتىپ، خۇش خۇي هالدا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، شامنى پۇلەپ ئۇچۇرۇۋەتتى. قاراڭغۇدا مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ خۇش خۇي چىرايى ئۇنىڭ كوز ئالدىدا پەيدا بولدى.

ۋورونتسوۋ ئەر-خوتۇن ئىككىسىمۇ شۇ هامانلا ئۇخلىمىدى. مېهمانلار كەتكەندىن كېيىن، مارىيە ۋاسىلىيېۋنا ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەردە بىلەن مۇنداق دىدى:

—Eh bien, vous aller me dire ce que c'est?

—Mais, ma chère ···

—Pas de 'ma chère'! C'est un émissaire, n'est-ce pas?

—Quand même je ne puis pas vous le dire.

—Vous ne pouvez pas? Alors c'est moi qui vais

vous le dire!

— Vous?①

— ھاجى مۇرات؟ شۇنداقمۇ؟ — دىدى خانىم، ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھاجى مۇرات بىلەن سوھبەت بولۇۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن كىشىنى ھاجى مۇرات دەپ ئويلىغان ئىدى.

ۋورونتسوۋ ياق دىيەلمىدى. لېكىن ئۇ كەلگەن كىشىنىڭ ھاجى مۇرات ئەمەس، ھاجى مۇراتنىڭ ياغاچ كېسىدىغان يەردە ئەتە ئۆزى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىغىنى مەلۇم قىلىپ كەلگەن ئايغاقچى ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

قورغاندا مەنىسىز ياشاپ كەلگەن بۇ ياش ئەر-خوتۇن بۇ ئىشقا ئىنتايىن خوشال بولدى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاتىسى ئاڭلىسا چېچىگى چاي بولۇپ كېتىدىغانلىغى توغرىلىق سۆزلىشىپ، سائەت ئىككى بولغاندا يېتىپ ئۇخلىدى.

---

① فرانسۇزچە: — ھە، ئېيتىڭا، نىمە ئىش ئۇ؟

— بىراق، جېنىم...

— نىمە، "جېنىم"! ئۇنىڭ ئايغاقچى ئىكەنلىگى ئوپ-ئوچۇق تۇرامامدۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

— ئېيتىپ بېرەلمەمسىز؟ ئۇنداق بولسا مەن سىزگە ئېيتاي!

— سىز؟



www.uyghurkitap.com

# 4

شاملنىڭ قوغلاشقا ئەۋەتكەن مۇرىتلىرىدىن قېچىپ يۈرۈپ، ئۈچ كۈندىن بۇيان كوز يۇممىغان هاجى مۇرات سادو ئوزىگە تېچ ئۇيقۇ تىلەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرهال ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئوي ئىگىسى قويۇپ بەرگەن ماموق ياستۇقتا قوللىرىنى بېشىغا قويۇپ، يېشىنمەيلا ياتقان، جەينىكى ياستۇققا پېتىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا — تام تۈۋىدە ئېلدار ياتقان ئىدى. ئۇ پۇت-قوللىرىنى كېرىپ، ئوڭدا ياتاتتى، ئۇنىڭ ئاق چېركەسكىسى ئۈستىدىن قارا ئوقدان ئېسىۋالغان مەيدىسى ياستۇقتىن قېڭغىيىپ چۈشۈپ كەتكەن، يېڭى چۈشۈرۈلگەن كوپ-كوك بېشىدىن ئىگىز كورۈنەتتى. ئانچە-مۇنچە ساقال-بۇرۇت چىققان كالپۇكلىرى بىر نەرسە ئىچىۋاتقان كىچىك بالىنىڭكىدەك بىر ئېچىلىپ، بىر يۇمۇلاتتى. ئۇمۇ هاجى مۇراتقا ئوخشاش، يېشىنمەي ياتقان ئىدى، بېلىدە تاپانچا بىلەن خەنجىرى بار ئىدى. ئوچاقتىكى ئوتۇن كويۇپ بولغان، ئوچاق بېشىدىكى چىراق پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى.

تۈن يېرىمى بولغاندا، مېهمانخانىنىڭ ئىشىگى غىچىرلاپ ئېچىلدى. هاجى مۇرات دەرهال ئويغىنىپ، تاپانچىسىنى قولىغا

www.uyghurkitap.com

ئالدى. سادو ئاستا مېڭىپ كىرىپ كەلدى.

— نىمە ئىش. — دەپ سورىدى ھاجى مۇرات ئۇخلىمىغاندەك سەگەكلىك بىلەن.

— ئويلىنىش كېرەك، — دېدى سادو ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، — سېنىڭ كەلگىنىڭنى بىر ئايال ئوگزىدە تۇرۇپ كورۇپ قېلىپ ئېرىگە ئېيتقان ئىكەن، ھازىر پۈتۈن مەھەللە بىلىپ كېتىپتۇ. ھېلى خوشنامنىڭ خوتۇنى مېنىڭ خوتۇنۇمغا قېرىلارنىڭ سېنى توسماقچى بولۇپ مېچىت يېنىغا توپلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداقتا، كېتىش كېرەك، — دېدى ھاجى مۇرات.

— ئاتنى جابدۇپ قويدۇق، — دېدى-دە، سادو ئويدىن چىقىپ كەتتى.

— ئېلدار، — دېدى ھاجى مۇرات پەس ئاۋاز بىلەن. ئېلدار ئوزىنىڭ ئىسمىنى، مۇھىمى، پىرى-ئۇستازىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چەبدەسلىك بىلەن لىككىدە ئورنىدىن قوپۇپ، پاپىغىنى تۇزدى. ھاجى مۇرات قورالىنى ئېسىپ، بۇركىسىنى يېپىندى. ئېلدارمۇ شۇنداق قىلدى. ئىككىيلەن ئاستا ئويدىن چىقىپ، لەمپىنىڭ ئاستىغا كەلدى. ھېلىقى قارا كوز بالا ئاتلارنى ئەكەلدى. كوچىدا ئاتنىڭ تۇيىقى ئاڭلىنىشى بىلەن خوشنا ئويىنىڭ ئىشىگىدىن بىرسى بېشىنى چىقاردى. يەنە بىرەيلەن ياغاچ كەشنى تاراقلىتىپ دوڭدىكى مېچىتكە قاراپ يۈگرەپ كەتتى.

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. قاپ-قاراڭغۇ ئاسماندا يۇلتۇزلار

جىمىرلايتتى، قاراڭغۇدا ئۆيلەرنىڭ ئوگزىلىرى، كەنتتىكى ھەم-مىدىن ئېگىز، پەشتاقلىق مېچىت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مىچىتتىن گودۇڭ-گودۇڭ ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

ھاجى مۇرات بىر قولى بىلەن مىلتىغىنى تۇتۇپ، بىر پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئېلىپ، بىر ئىرغىپلا ئاتقا مىنىۋالدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە ئوڭ پۇتى-نىمۇ ئۈزەڭگىگە سېپىۋېلىپ، ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان بالىنى قامچى-سىنىڭ سېپى بىلەن بوش نوقۇپ قويىدى، بالا ئوزىنى چەتكە ئالدى. ئات قانداق مېڭىشنى ئۆزى بىلگەندەك، تار كوچىدىن چوڭ يولغا قاراپ چاپتى. ئېلدارنىڭ ئېتىمۇ كەينىدىن ماڭدى. جۇۋا كىيگەن سادو ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ، تار كوچىدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر دەم ئۇ ياققا، بىر دەم بۇ ياققا يۈگرۈپ كېلەتتى. كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، يولنى كېسىپ ئۆتكەن بىر كولەڭگە كۆرۈندى، ئارقىدىن يەنە بىرسى پەيدا بولدى.

— توختا، سەنلەر كىم؟ جىم تۇرۇش! — دەپ توۋلىدى بىرسى، بىرنەچچە ئادەم يولنى توستى.

ھاجى مۇرات توختىماي، يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ، ئۇدۇل شۇلارغا قاراپ ئات سالدى، يولدا تۇرغانلار ئوزىنى چەتكە ئالدى، ھاجى مۇرات ئارقىسىغا قاراپمۇ قويىماي، چوڭ يول بىلەن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. كەينىدىن ئېلدارمۇ ئەتتەك چاپتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى، ئوق ھېچقايسىسىغا تەگمەي، ھاۋادا ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ھاجى مۇرات

شۇ تېزلىك بىلەن ئۈچ يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ھاسىرىغان ئېتىنى ئاستىلىتىپ، ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئالدىدىكى سايدا تاغ سۈيى شاقىراپ ئېقىۋاتاتتى. كەينىدىكى كەنتتىن خورازلار-نىڭ چىللىشى ئاڭلىناتتى. بۇ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭى ئاڭلىناتتى. ھاجى مۇرات ئېتىنى دىۋىتىپ، ئوتتۇراھال تېزلىكتە يورۇپ كەتتى.

ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ھاجى مۇراتقا تېزلا يېتىشە-ۋالدى. بۇ يىگىرمە نەچچە ئاتلىقنىڭ ھەممىسى ھىلىقى كەنتنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىنى توسماقچى ئىدى، ياكى ھېچ بولمىغاندا، شامىلنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلە-غىغا قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى توسماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار يېقىنلىشىپ، قاراڭغۇدا ھەممىسى كورۈنگەندە، ھاجى مۇرات ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاپ، ئادىتى بويىچە سول قولى بىلەن تاپانچا قېپىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن تاپانچىنى ئالدى. ئىلدارمۇ شۇنداق قىلدى.

— سىلەر نىمە قىلماقچى؟ — دەپ توۋلىدى ھاجى مۇرات، — مېنى تۇتماقچىما؟ قېنى، تۇتۇڭلار ئەمسە! — ئۇ قولىنى كوتەردى. كەلگەنلەر توختاپ جىم تۇرۇشتى.

ھاجى مۇرات تاپانچىنى تۇتقان پېتى جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى. قوغلىغۇچىلار يىراقتىن ئەگىشىپ كەلدى. ھاجى مۇرات جىلغى-نىڭ ئۇ قېتىغا ئۇتكەندە، قوغلاپ كەلگەنلەر ئۇنىڭغا ۋاقىراپ،

بىر ـ ئىككى ئېغىز سوز قىلماقچى بولۇشتى. ھاجى مۇرات بىر پاي ئوق بىلەن جاۋاپ بېرىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى توختاتقاندا، جاڭگالدىكى سۇنىڭ شاقىرىشى، ھۇقۇشنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ھۇۋۇلىشى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلانغاندىن باشقا، قوغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازىمۇ، خورازلارنىڭ چىللىشىمۇ ئاڭلانمىدى. ئالدى تەرەپتە كورۇنگەن جاڭگال ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرماقچى بولغان جاي ئىدى. ھاجى مۇرات جاڭگالغا يېقىن كېلىپ توختاپ، ئېغىر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن بىر ئىسقىرتتى ـ دە، ئاندىن ئەتراپقا قۇلاق سالدى. بىر دەمدىن كېيىن جاڭگالدىن ئاشۇنداق ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھاجى مۇرات چوڭ يولدىن چىقىپ، جاڭگالغا كىردى. يۈز قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، جاڭگاللىقنىڭ ئارىسىدا گۇلخان، گۇلخان چورىسىدە ئادەملەرنىڭ كولەڭگىسى، گۇلخان يورۇغىدا يېرىمى يورۇپ تۇرغان پۇتى چۇشەپ قويۇلغان ۋە ئىگەرلەنگەن ئات كورۇندى.

گۇلخان يېنىدىكىلەردىن بىرسى ئىتتىك قوپۇپ ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۈزەڭگىسىنى تۇتتى. بۇ ھاجى مۇراتنىڭ قول بېرىشكەن ئىنىسى، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاۋارىيە يىگىتى خەنەفى ئىدى.

ــ ئوتنى ئوچۇرۇڭلار، ــ دىدى ھاجى مۇرات ئاتتىن چۇشۇۋېتىپ.

ئۇلار گۇلخاننى چۇۋۇپ، كويۇۋاتقان چۇجۇلىلارنى دەسسەپ ئوچۇرۇشكە باشلىدى.

— باتا بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھاجى مۇرات يەرگە سىلىپ قويۇلغان بۇركىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ.

— كەلدى، خان مەغەم بىلەن كەتكىنىگىمۇ خېلى بولدى.

— قايسى يول بىلەن كەتتى؟

— ماۋۇ يول بىلەن، — خەنەفى ھاجى مۇرات كەلگەن يولنىڭ قارشى تەرىپىنى كورستىپ جاۋاپ بەردى.

— يارايدۇ، — دېدى ھاجى مۇرات تاپانچىسىنى ئېلىپ ئوق بېسىپ، — ئاگاھ بولۇش كېرەك، مېنى قوغلاۋاتقان ئادەم بار. — ئۇ بۇ سوزنى ھىلىقى ئوتىنى دەسسەپ ئوچۇرگەن ئادەمگە ئېيتتى.

بۇ ئادەم ھەمزەلى ئىسىملىك چېچەن ئىدى. ھەمزەلى بۇركا ئۇستىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ، ئۇندىمەستىن جاڭگالنىڭ ھاجى مۇرات كەلگەن تەرىپىدىكى بوشلۇقنىڭ چېتىگە باردى. ئېلدار ئاتتىن چۇشۇپ، ئوزىنىڭ ئېتى بىلەن ھاجى مۇراتنىڭ ئېتىنى دەرەخقە قاڭتۇرۇپ قويدى؛ ئاندىن ئۇمۇ ھەمزەلىگە ئوخشاش مىلتىقنى ئېلىپ، جاڭگالنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە باردى. ئوت ئوچۇرۇلگەن بولسىمۇ، ئەتراپ بۇرۇنقىدەك قاپ-قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار خىرە-شىرە چاقنايتتى.

ھاجى مۇرات يۇلتۇزغا قاراپ، ھۇكەرنىڭ تىكلەشكەنلىگىنى كورۇپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقانلىغىنى، بامدات نامىزىغا ئاز

قالغانلىغىنى بايقىدى ۋە ھەمزەلى دائىم خۇرجۇنغا سېلىپ يۈرىدىغان چوگۈننى ئېلىپ بۇركىسىنى يېپىنىپ، سۇنىڭ بويىغا تاھارەت ئېلىشقا كەتتى.

ھاجى مۇرات ئايىغىنى سېلىپ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇركىنى جەينىماز قىلىپ، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئورنىغا كەلدى، بۇ يەردە بىر خۇرجۇن تۇراتتى. ئۇ بۇركىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جەينىگى بىلەن تىزىغا تايىنىپ، بېشىنى سېلىپ ئويغا چۆمدى.

ھاجى مۇرات ئۆزىنىڭ تەلىيىگە ئىشىنەتتى. بىرەر ئىشنى باشلىماقچى بولغاندا، ئىشى ئوڭدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، دىمىسىمۇ، ئىشى ھەمىشە ئوڭدىن كېلەتتى. ئاندا-ساندا يۈز بېرىپ قالغان تاسادىپىلىقلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق ھەربىي تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق ئۆتتى. شۇڭا ئۇ ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك ئىشەنچتە ئىدى. ئۇ ۋورونتسوۋ ئۆزىگە بېرىدىغان قوشۇننى باشلاپ شامىل بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ، ئەنتىنى ئېلىشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چارپادىشانىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىغىنى، شۇنداق قىلىپ ئاۋارىيىگىلا① ئەمەس، پۈتۈن چېچېنلەرگىمۇ ھوكۇمرانلىق قىلىدىغانلىغىنى ئويلاپ، تۈيمايلا ئۇخلاپ قالدى.

---

① ئاۋارىيە — 14 - ئەسىردە تاغلىق داغىستاندا ئۆتكەن بىر خانلىق.

ئۇ چۇش كوردى، چۇشدە ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، ”ھاجى مۇرات كەلدى!“ دەپ توۋلىشىپ، شامىلغا قارشى ئاتاكىغا ئوتۇپ، شامىلنى خوتۇنى بىلەن تۇتقۇن قىلدى، ھاجى مۇرات ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ دات-پەريادىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەسلىدە چىلبورىلەرنىڭ ھۇۋلىشى، غىڭشىپ ئىڭراشلىرى ئۇنىڭغا ”لائىلاھە“ دەپ ئوقۇلغان تەكبىر، ”ھاجى مۇرات كەلدى!“ دىگەن قىقاس-چۇقان، شامىلنىڭ خوتۇنىنىڭ يىغا-زارىسى بولۇپ ئاڭلىنىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتكەن ئىدى. ھاجى مۇرات بېشىنى كوتىرىپ، دەرەخ ئارىسىدىن ئاقىرىشقا باشلىغان شەرق تەرەپكە قاراپ، ئوزىدىن نېرىدا ئولتۇرغان مۇرىدىدىن خان مەغەمنى سورىدى. ھاجى مۇرات خان مەغەمنىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىگىنى ئاڭلاپ، بېشىنى سېلىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئەلچىلىككە بېرىپ قايتقان باتا بىلەن خان مەغەمنىڭ خوشال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتى. خان مەغەم دەرھال ھاجى مۇراتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئوزىنى قانداق قارشى ئېلىپ كىنەزنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغانلىغىنى، كىنەز بىلەن قانداق سوزلەشكەنلىگىنى، كىنەزنىڭ قانداق خوشال بولۇپ، ئەتە ئەتىگەندە مىچىك دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى شالىنىسكى ئوتلىغىدا — رۇسلار ياغاچ كېسىدىغان يەردە ئۇچرىشىشقا ماقۇل بولغانلىغىنى ئېيتتى. باتا ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، ئوزىنىڭ بىلگەنلىرىنى پات-پات قىستۇرۇپ تۇردى.

ھاجى مۇرات ئۇزىنىڭ رۇسلارغا ئەل بولىدىغانلىغى توغرىلىق ۋورونتسوۋنىڭ ئىملەرنى دىگەنلىگىنى ئىنچىكىلەپ سورىدى. خان مەغەم بىلەن باتا ئىككىلىسى كىنەزنىڭ ھاجى مۇراتنى مېھماندەك كۇتۇۋېلىپ، كوڭلىدىكىدەك ئىش قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنلىگىنى ئېيتتى. ھاجى مۇرات يول توغرىلىق سورىدى. خان مەغەم ئۇزىنىڭ يولنى ئوبدان بىلىدىغانلىغىنى، ئۇدۇل شۇ يەرگە باشلاپ بارالايدىغانلىغىنى ئېيتىپ ئىشەندۇرگەندىن كېيىن، ھاجى مۇرات ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، باتاغا ئۇچ سوم بەردى. ئاندىن خۇرجۇندىن ئۇزىنىڭ ئالتۇن يالاتقان قورالنى ۋە سەللە ئوراقلىق پاپىغىنى ئالدۇردى، رۇسلارنىڭ ئالدىغا سالاپەتلىكرەك بېرىش ئۇچۇن مۇرىتلىرىغا ھەممە نەرسنى تازىلاشنى بۇيرۇدى. كىشىلەر قورال-ياراق، ئىگەر-جابدۇقلارنى سۇرتۇپ تازىلاپ بولغىچە يۇلتۇزلار ئۇچۇپ، يورۇق چۇشۇپ، تاڭ شامىلى چىقىشقا باشلىدى.

## 5

تاڭ قاراڭغۇسىدا، پولتاراتىسكىنىڭ باشچىلىغىدىكى ئىككى ليەن پالتىلىرىنى ئېلىپ، شاھگىرىن قورغىنىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىققا چىقتى، ئۇلار بۇ يەرگە تارقىلىپ، تاڭ يورۇش بىلەنلا

ياغاچ كېسىشكە كىرىشىپ كەتتى. سائەت سەككىزگە يېقىنلاشقاندا، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ھۆل شاخلاردىن چىققان قويۇق ئىس ئەتىگەنلىك تۇمان بىلەن ئارىلىشىپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇڭغىچە بەش قەدەم نېرىدا بولسىمۇ بىر بىرىنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرەلمىگەن ياغاچ كەسكۈچىلەر ئەمدى گۈلخانلارنى ۋە كېسىلگەن ياغاچلار بىلەن تولغان جاڭگال يولىنىمۇ ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدى. كۈن تۇمان ئارىسىدىن تۇرۇپ نۇرلۇق مەرۋايىتتەك كۆرۈنۈپ قويۇپ، تۇرۇپ موكۇۋالاتتى. يولدىن سەل چەتتىكى چىمەنلىكتە بىرنەچچە ئەپتىسەر دۇمباقنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بۇنىڭ ئارىسىدا پولتاراتسكى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچى ئەپتىسىرى تىخونوۋ، ئۈچىنچى لىيەنىنىڭ ئىككى ئەپتىسىرى ھەم بۇرۇن ئاتلىق گۋاردىيە ئەپتىسىرى بولۇپ، كېيىن بىرسى بىلەن دۇئېلغا چىققانلىقى ئۈچۈن دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن، پولتاراتسكىنىڭ پاژىسكى كورپۇسىدا① بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى فېرېزى دېگەن بارونمۇ بار ئىدى. دۇمباقنىڭ ئەتراپىدا سوغاق سەيلەرنى ئورىغان قەغەزلەر، تاماكا قالدۇقلىرى، قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئەپتىسەرلەر ۋوتكا ئىچىپ بولۇپ، ئەمدى تاماق يېگەچ پىۋا ئىچىۋاتاتتى. بىر دۇمباقچى سەككىزىنچى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

① بۇ — چار روسىيە دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەر پەرزەنتى ئۈچۈن ئېچىلغان باللار ھەربى مەكتىۋى.

پولتاراتىسكى قانغۇدەك ئۇخلىمىغىنىغا قارىماي، ئىنتايىن روھ-لۇق، خوشال، غەم-غۇسسىسىز ۋە خۇش خۇي ئىدى، ئۇ خەۋپلىك يەردە، ئەسكەرلەر بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئارىسىدا ھەمىشە مۇشۇنداق يۈرەتتى.

ئەپىتسەرلەر يېقىنقى يېڭىلىق — گېنېرال سلىپتسوۋنىڭ① ئۆلۈمى توغرىلىق قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھېچكىممۇ بۇ ئۆلۈمنى ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم پەيتى — ھاياتنىڭ تۈگىشى ۋە ئۇنىڭ كەلگەن يېرىگە قايتىشى دەپ ئەمەس، بەلكى قولىدىكى قىلىچى بىلەن تاغلىقلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى جان-جەھلى بىلەن چاپقان ئەپىتسەرنىڭ مەرتلىكى دەپ قارايتتى.

شۇ چاغلاردا كاپكازدا بولغان ئۇرۇشتا دائىم كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ ۋە تەسۋىرلەپ كەلگەن ئۇنداق قىلىچ بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىشنىڭ ھېچقاچان ۋە ھېچيەردە بولمىغانلىقىنى ھەممەيلەن بولۇپمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەپىتسەرلەر بىلەتتى ۋە بىلىشكە قادىر ئىدى (ئەگەر بۇ بولغان دېيىلسە، قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قاچقۇنلارنى ئۆلتۈرۈشلا بولغان). شۇنداق بولسىمۇ، ئەپىتسەرلەر بۇ تەسەۋۋۇردىكى تىغمۇ-تىغ ئېلىشىشنى راست دەپ قارايتتى ۋە بۇنىڭدىن مەغرۇرلىناتتى، شاتلىناتتى، مۇشۇنداق ھېسسىيات

---

① سلىپتسوۋ (1815 — 1851) كازاك جۇنتۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى. كېيىنكى تاغلىرى ئارىسىدا شامىل بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

بىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەردانە قىياپەتتە، بەزىلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە تارتىنچاق قىياپەتتە دۇمباق يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشەتتى، هاراق ئىچىشەتتى ۋە كۈلۈشەتتى. سىلىپىت سوۋقا كەلگەن ئولۇمنىڭ قاچانلا بولمىسۇن ئۇز باشلىرىغا كېلىدىغانلىغىدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى. خۇددى ئۇلارنىڭ كۆتكىنىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئۇلار تازا قىزىق پاراڭلىشىۋاتقاندا، يولنىڭ سول تەرىپىدىن بىردىنلا قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئوق تۇمانلىق هاۋادا كوڭۇللۇك ۋىژىلداپ ئوتۇپ، تارس قىلىپ بىر دەرەخقە تەگدى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرنەچچە پاي ئوقى دۈشمەننىڭ ئېتىشلىرىغا كۈچلۈك ۋە ياڭراق جاۋاپ بەردى.

—ئەنە، —دەپ ۋاقىرىۋەتتى پولتاراتىسكى خوشاللىق بىلەن، —بۇنىسى تارقاق ئەسكەرلەر سېپىگە كەلگىنى، ۋوي، كوستە ئۇكا، —ئۇ فېرىزىگە دىدى، —سىنىڭ تەلىيىڭ كەلدى، لىيەنىڭگە بارغىن، بىز هازىر راسا بىر هۇجۇمغا ئوتەيلى! كارامىتىمىزنى بىر كورستەيلى.

هىلىقى دەرىجىسى چۇشۇرۇلگەن بارون سەكرەپ قوپتىدە، ئىس-تۇتەك كوتىرىلگەن تەرەپتىكى لىيەننىڭ يېنىغا ئىتتىك يۇرۇپ كەتتى. كىشىلەر پولتاراتىسكىغا كىچىككىنە كاباردا ئېتىنى ئەكېلىپ بەردى، ئۇ ئېتىغا مىنىپ، ئادەملىرىنى تىزىپ، مىلتىق ئاۋازى چىققان تەرەپكە—تارقاق ئەسكەرلەر سېپىگە قاراپ كەتتى. تارقاق ئەسكەرلەر سېپى تاقىر قىيپاش سايىنىڭ

ئالدىدىكى جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. شامال جاڭگال تەرەپكە قاراپ چىقماقتا ئىدى. بۇ چاغدا سايىنىڭ توۋەن تەرىپىلا ئەمەس، بەلكى سايىنىڭ ئۇ قېتىمۇ ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى.

پولتاراتىسكى تارقاق ئەسكەرلەر سېپىگە يېتىپ كەلگەندە، تۇمان كەينىدىن كۆن كورۇندى. سايىنىڭ ئۇ قېتىدا، يۈز قەدەمچە نېرىدىكى كىچىككىنە ئورمانلىق يېنىدا بىر نەچچە ئاتلىق كورۇندى. ئۇلار ھاجى مۇراتنى قوغلاپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭ رۇسلارغا قانداق ئوتتۇشىنى پايلاپ يۈرگەن چېچېنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەسكەرلەر سېپىگە ئوق ئاتتى. بىر نەچچە ئەسكەر ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. چېچېنلەر كەينىگە چېكىنگەندە ئېتىشىش توختىدى. بىراق پولتاراتىسكى بىرلىەن ئادىمىنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ، ئېتىشقا بۇيرۇق قىلدى، كوماندا بېرىلىشى بىلەن پۇتۇن سەپ بويىچە ئوقلار كوكۇللۇك، كوچلۇك پارتلاپ، ئىس-تۇتەك تارقىلىشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر خوشال-لىق بىلەن مىلتىقلىرىنى دەرھال ئوقلاپ، ئارقا-ئارقىدىن ئاتتى. چېچېنلەرمۇ بوش كەلمەي، ئالدىغا چىقىپ، ئەسكەرلەرگە ئارقا-ئارقىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. بىر ئەسكەرگە ئوق تېگىپ ياردار بولدى. بۇ ھىلىقى ئىككى چېچېننى قورغانغا باشلاپ بارغان ئاۋدېيېۋ ئىدى. دوستلىرى يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئىككى قولى بىلەن قوسىغىدىكى يارىسىنى تۇتۇپ، دۈم يېتىپ تولغىنىۋاتاتتى.

— ئۇ مىلتىغىنى ئوقلاي دەپ تۇرۇۋشىغا تاراقىىدا قىلىپ قالدى، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان ئەسكەر. — قارىسام، مىلتىغىنى تاشلىۋېتىپتۇ.

ئاۋدېيېۋ پولتاراتىسكىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. پولتاراتىسكىي بىر توپ ئەسكەرنىڭ بىر يەرگە ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئۇكا، قانداقراق؟ قەيېرىڭ يارىلاندى؟ — دېدى ئۇ.

ئاۋدېيېۋ جاۋاپ بەرمىدى.

— جاناپلىرى، ئۇ، مىلتىغىنى ئوقلاي دەپ تۇرۇۋىدى، — دېدى ئاۋدېيېۋ بىلەن بىللە تۇرغان ھېلىقى ئەسكەر، — تاراققىدا قىلىپ قالدى، قارىسام، ئۇ مىلتىغىنى تاشلىۋېتىپتۇ.

پولتاراتىسكى "چوك" قىلىپ تامىغىنى چەكتى ۋە:

— ئاۋدېيېۋ، قانداق، ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى.

— ئاغرىشىغۇ ئاغرىمىدى، ئەمما ماڭالمايمەن. جاناپلىرى، ماڭا ئازراق ھاراق بېرىلسە.

ۋوتكا — كاپكازدا ئەسكەرلەر ئىچىدىغان ئىسپىرت — ئېلىپ كېلىندى. پانوۋ جىددىي يوسۇندا تەرىنى تۈرۈپ، ئىسپىرتنى قاچىغا قۇيۇپ ئاۋدېيېۋنىڭ ئاغزىغا تۇتتى، ئاۋدېيېۋ ئىچىشكە باشلىدى، ئەمما شۇ زامات يەنە قولى بىلەن قاچىنى ئىتتىرىپ دېدى:

— ئىچەلمىگۈدەكمەن، ئۆزەڭ ئىچ.

پانوۋ ئىسپىرتنى ئۆزى ئىچىپ تۈگەتتى. ئاۋدېيېۋ

ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، يەنە يېتىپ قالدى. كىشلەر جۇۋى-لىرىنى سېلىپ، ئاۋدېيېۋنى ياتقۇزدى.

— جاناپلىرى، تۇەنجاڭ كەلدى، — دىدى بىر پەيجاڭ پولتاراتىسكىغا.

— هە، ياخشى، بۇنىڭغا سەن قارا، — دىدى پولتاراتىسكى ۋە قامچىسىنى بىر سىلكىدى-دە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ۋورونتسوۋ-نىڭ ئالدىغا كەتتى.

ۋورونتسوۋ ئەنگلىيىنىڭ نەسىللىك جەرەن ئايغىرىغا مىنىپ، تۇەنىنىڭ فۇگۇەنىنى، كازاكلار بىلەن چېچېن تەرجىمانىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— بۇ يەردە بىر ئىش بولدىما؟ — دەپ سورىدى ئۇ پولتا-راتىسكىدىن.

— بايا بىر توپ ئادەم كېلىپ، تارقاق ئەسكەرلەر سېپىگە هۇجۇم قىلدى، — دىدى پولتاراتىسكى جاۋاپ بېرىپ.

— هە، بۇنى ئۆزەڭلار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— مەن ئەمەس، كىنەز، ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق قىلدى، — دىدى پولتاراتىسكى كۈلۈمسىرەپ.

— ئاڭلىسام، بىر ئەسكەر يارىدار بوپتۇغۇ؟

— شۇنداق، بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇق. ناهايىتى ئوبدان ئەسكەر ئىدى.

— يارىسى ئېغىرمۇ؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، قوسىغى يارىلىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىز مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋورونتسوۋ.

— بىلمەيمەن.

— راستلا بىلمەمسىز؟

— ھەئە.

— ھاجى مۇراتنىڭ يېنىغا بارىمەن، ئۇ ھازىر بىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— تۈنۈگۈن ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى كەلدى، — دىدى ۋورونتسوۋ كۈلكىسىنى زورمۇ-زور توختىتىپ، — ھازىر ئۇ مېنى شاللىنىسكى ئوتلىقىدا ساقلاپ تۇرغان بولۇشى ئېھتىمال. سىز ئەسكەرلەرنى شۇ يەرگىچە چىچىپ تىزىپ، ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ.

— خوپ، — دىدى پولتاراتىسكى چاس بېرىپ ۋە ئۆزىنىڭ لىيەنگە قايتتى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى ئوڭ تەرەپكە باشلاپ ماڭدى ھەم پەيجاڭغا سول تەرەپتىن بېرىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ ئارىدا، تۆت ئەسكەر ئاۋدېيېۋنى كوتىرىپ، قورغانغا ئېلىپ كەتتى.

پولتاراتىسكى ۋورونتسوۋنىڭ قېشىغا باراي دەپ تۇرغاندا، كەينىدىن ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە ئاتلىقنى كوردى. ئۇ توختاپ، ئۇلارنى كۈتتى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاق يايلىق ئات مىنگەن، ئاق چىركەسكە كىيگەن، پاپىقىغا سەللە ئورىغان، ئالتۇن يالىتىلغان قورال ئاسقان سۈرلۈك بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. بۇ ھاجى مۇرات ئىدى. ئۇ

پولتاراتسكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تاتارچە بىرنىمىلەرنى دىدى. پولتاراتسكى چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوللىرىنى كېرىپ، ئۇقمايدىغانلىغىنى بىلدۈردى ۋە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ھاجى مۇراتمۇ كۈلۈپ قويدى. بۇ بالىلارچە سەمىمى كۈلۈمسىرەش پولتاراتسكىنى ھەيران قالدۇردى. پولتاراتسكى بۇ قورقۇنچلۇق تاغلىقنى مۇنداق دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئۇ ھاجى مۇراتنى تەرى سورۇن، رەھىمسىز، يات بىر كىشى ھىساپلايتتى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن ئاددى، شۇنداق سەمىمى كۈلۈمسىرەيدىغان، يات ئەمەس، بەلكى يېقىن دوستىدەك بىر كىشى تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە زەڭ قويۇپ مۇلايىمغىنا قارايدىغان ئوتكۇر، يوغان كوزلىرى ئىدى.

ھاجى مۇراتنىڭ توت ھەمرىيى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇنۇگۇن ئاخشام ۋورونتسوۋنىڭ قېشىغا بارغان خان مەغەمىمۇ بار ئىدى. ئۇ يۇمۇلاق يۇزلۇك، مەڭزى قىزىل، بادام قاپاق، كوزلىرى قاپقارا، چىراي-تۇرقىدىن كۇلكە يېغىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. يەنە بىرسى پاكىنەك، قوشۇما قاشلىق، چاچلىرى قويۇق كىشى بولۇپ، ئۇ ھاجى مۇراتنىڭ پۇتۇن ئىگىلىك ئىشلىرىغا قارايدىغان تاۋلىن① خەنەفى ئىدى. ئۇ ئىچىگە لىق

① تاۋلىن — داغىستاننىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com

بىر نەرسە قاچىلانغان خۇرجۇن ئارتىلغان بىر يايداق ئاتنى يېتىلەۋالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قالغان ئىككىسى كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايتتى: بۇنىڭ بىرسى ئايالىلارنىڭكىدەك بېلى ئىنچىكە، يەلكىسى كەڭ، سېرىق ساقال-بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، قوي كۆزلۈك، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، يەنە بىرسى بىر كۆزى قارغۇ، قاش-كىرپىكى يوق، قىزىل كۆتمەك ساقاللىق، قاڭشىرى بىلەن يۈزىنى كېسىپ ئۆتكەن بىر تارتۇغى بار چېچىن ھەمزەلى ئىدى.

پولتاراتىسكى ھاجى مۇراتقا يولدا كېلىۋاتقان ۋورونتسوۋنى كۆرسەتتى. ھاجى مۇرات ئات چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، تاتارچە بىر نىمىلەرنى دەپ توختىدى. تەرجىمان چېچىن تەرجىمە قىلدى:

— ئۇ، مەن رۇس پادىشاسى ئالىلىرىغا ئۆزەمنى تاپشۇردۇم. ئالىلىرى قوبۇل تاپسا، خىزمىتىگە تەييارمەن، خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئارزۇيۇم بار ئىدى، شامىل يول قويمىدى، دەيدۇ.

ۋورونتسوۋ تەرجىماننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاجى مۇراتقا بۇغا تېرىسىدىن پەلەي سالغان قولىنى ئۇزاتتى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭ قولىغا قاراپ بىر پەس دېلىغۇل بولۇپ، ئاندىن چىڭ سىقتى ۋە بىر نىمىلەرنى دەپ، بىر تەرجىمانغا، بىر ۋورونتسوۋغا قارىدى.

— ئۇ، مەن ھېچكىمنىڭ يېنىغا بېرىشنى خالىمىدىم، پەقەت سىزنى خالاپ بۇ يەرگە كەلدىم، چۈنكى سىز قوماندانىنىڭ

ئوغلى، سىزنى ئىنتايىن ھورمەتلەيمەن، دەيدۇ.

ۋورونتسوۋ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ھاجى مۇرات ھەمرالىرىنى كورسىتىپ، يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى.

— ئۇ، بۇلار مېنىڭ مۇرىتلىرىم، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش رۇسلارغا سادىق، دەيدۇ.

ۋورونتسوۋ ئۇلارغا بىر قۇر كوز يۈگۈرتۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

خۇش خۇي، قارا كوز، بادام قاپاق چېچىن خان مەغەمىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى، ئۇ ۋورونتسوۋنىڭ قىزىق بىر گېپىنى قىلغان بولسا كېرەك، چۈنكى ھىلىقى ئۇزۇن چاچلىق ئاۋارىيە ھىجىيىپ كۈلۈپ تۇراتتى. قىزىل چاچلىق ھەمزەلى قىزىل كوزلىرىنى پاقىرىتىپ ۋورونتسوۋغا بىر قارىدى-دە، ئاندىن كوزىنى ئۇزىنىڭ ئېتىنىڭ قۇلاقلىرىغا يوتكىدى.

ۋورونتسوۋ ھاجى مۇرات بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرىنى باشلاپ قورغانغا كىرىپ بارغاندا، تارقاق ئەسكەرلەر سېپىدىن يانغانلار توپ-توپ بولۇشۇپ، ئۇلار توغرىلىق قىزىق پاراڭ قىلىشاتتى:

— نۇرغۇن ئادەمنى ئولتۈرگەن بۇ كاساپەتنىڭ ئەمدى ئىلتىپاتقا ئېرىشىۋاتقىنىنى، — دىدى بىر ئەسكەر.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، ئۇ شامىلنىڭ بىرىنچى كاماندىرى ئىدى. ھازىر ئېھتىمال...

— بۇ نىمىنى بىر چەۋەنداز دېيىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ قارا، ئاۋۇ مىسىۋاشىنى، كىشىگە ئالىيىپ قاراشلىرى خۇددى يىرتقۇچنىڭ ئۆزى.

ــ ياپىردىم، ئۇ تايغانغىلا ئوخشايدىكەن.

ئۇلار بولۇپمۇ ھىلىقى قىزىل چاچلىق توغرىلىق كوپ گەپ قىلىشتى.

يولغا يېقىنراق يەردە ياغاچ كېسىۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇلارنى كورگىلى يۈگرەپ چىقىشتى. بىر ئەپتىسەر ئۇلارغا ۋاقىرىشىدى، ۋورونتسوۋ ئۇنى توسۇپ قويىدى.

ــ ئۇلار كونا دوستلىرىنى كورۈۋالسۇن. سەن ئۇنىڭ كىملىگىنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى ۋورونتسوۋ ئېنگىلىزچە ئالدىرىماي سوزلەپ، يېقىنراق تۇرغان بىر ئەسكەردىن.

ــ بىلمەيمەن، جاناپلىرى.

ــ ھاجى مۇرات دەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

ــ قانداقمۇ ئاڭلىماي، جاناپلىرى، ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كوپ ئۇرۇشقان تۇرساق.

ــ شۇنداق، ئۇ بىزگە كوپ زىيان سالغان.

ــ خوش، جاناپلىرى، ــ دېدى ئەسكەر باشلىق بىلەن سوزلەشكىنىگە خوش بولۇپ.

ئۆزى توغرىلىق سوز بولۇۋاتقانلىغىنى بىلگەن ھاجى مۇراتنىڭ كوزلىرىدە خوشال كۈلۈمسىرەش ئالامىتى كورۈندى. ۋورونتسوۋ قورغانغا قالتىس خوشال قايتىپ كەلدى.

# 6

رۇسلارنىڭ شامىلدىن كېيىنكى ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم دۈشمىنىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغىنىغا ۋورونتسوۋ ئىنتايىن خوشال بولدى. لېكىن بىر ئىش ئۇنىڭ كوڭلىنى غەش قىلاتتى: قائىدە بويىچە بۇ ئىشنى ۋوزدۋىژېنىسكى رايونىنىڭ قوماندانى گېنېرال مېللېر زاكومېلىسكىنىڭ ئالدىدىن ئوتكۈزۈش زورۇر ئىدى. بىراق، ۋورونتسوۋ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلمايلا ئوزى پۈتتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن كوڭۈلسىزلىك تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ۋورونتسوۋنىڭ كوڭلى سەل غەش ئىدى.

ۋورونتسوۋ ئويىگە كەلگەندىن كېيىن، ھاجى مۇراتنىڭ مۇرىتلىرىنى تۆەنىنىڭ قوگۇەنىگە تاپشۇرۇپ، ھاجى مۇراتنى ئوز ئويىگە باشلىدى.

پۇزۇر كىيىنگەن مارىيە ۋاسىلىيېۋنا ھاجى مۇراتنى مېھمانخانىدا ئوزىنىڭ ئالتە ياشلاردىكى بۇدرە چاچلىق چىرايلىق ئوغلى بىلەن بىللە ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. ھاجى مۇرات قولىنى كوكسىگە ئېلىپ تازىم قىلىپ، تەرجىمان ئارقىلىق مەغرۇرانە سوز قىلىپ، كىنەز ئۇنى ئويىگە تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كىنەزنى ئوز دوستۇم دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى، ئوزى ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەمراليرىمۇ بۇ ئائىلىدىن قالتىس مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ھاجى مۇراتنىڭ تاشقى كورۇنۇشى ۋە ئەدەپلىكلىكى مارىيە ۋاسىلىيېۋناغا يېقىپ قالدى. ئۇ ئاپپاق قولىنى ئۇزاتقاندا، ھاجى مۇراتنىڭ ھوپپىدە قىزىرىپ كېتىشى خانىمنىڭ كوڭلىگە تېخىمۇ يېقىپ كەتتى. خانىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، قەھۋە ئىچەمسىز دەپ سوراپ، خىزمەتچىنى قەھۋىگە بۇيرۇدى. بىراق، قەھۋە ئېلىپ كېلىنگەندە ھاجى مۇرات ئىچمەي قويدى. ئۇ رۇسچىنى ئازراق ئۇقسىمۇ سوزلىيەلمەيتتى، ئۇقالمىغاندا، كۇلۇمسىرەپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ كۇلۇمسىرىشىنى مارىيە ۋاسىلىيېۋنامۇ پولتاراتىسكىغا ئوخشاشلا ياقتۇرۇپ قالدى. مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ بۇدرە چاچلىق، كوزلىرى ئوينىاپ تۇرىدىغان ئوغلى (ئانىسى ئۇنى بۇلكا دەپ ئاتايتتى) ئانىسىنىڭ قېشىدا ھاجى مۇراتقا كوز ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى. چۇنكى ئۇمۇ ھاجى مۇراتنىڭ ئاجايىپ باتۇر ئىكەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدى.

ۋورونتسوۋ ھاجى مۇراتنى ئايلىنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، باشلىقلارغا ھاجى مۇراتنىڭ تەسلىم بولغانلىغىدىن خەۋەر بېرىش ئۇچۇن ئىشخانىغا كەتتى. ئۇ گروزنايا رايونىدىكى سول تەرەپ ئەسكەر باشلىغى گېنېرال كوزلوۋسكىگە ئەۋەتىدىغان مەلۇماتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن دادىسىغا بىر پارچە خەت يازدى ـ دە، تېزدىن ئويىگە قايتتى، ئۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق يات بىر ئادەمنى يېنىدا قالدۇرۇپ كەلگىنىمگە ئايىلىم رەنجىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيتتى ۋە بۇنداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىغاندا ئۇنى

رەنجىتىپ قويماسلىق، ھەم بەكمۇ قىزغىن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئارتۇقچە بولۇپ چىقتى. ھاجى مۇرات كىرىسلودا ۋورونتسوۋنىڭ ئوگەي ئوغلى بۇلكىنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن سوزلەۋاتقان مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ سوزلىرىنى تەرجىمان ئارقىلىق ئاڭلاۋاتاتتى. مارىيە ۋاسىلىيېۋنا ئۇنىڭغا: ئەگەر دوستىڭىز ماختىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى دوستىڭىزغا بېرىۋەرسىڭىز، ئۇزاققا قالماي يالىڭاچلىنىپ قالىسىز دەۋاتاتتى...

كىنەز ئويگە كىرگەندە، ھاجى مۇرات ھاڭ-تاڭ بولۇپ ۋە تىرىكىپ قالغان بۇلكىنى تىزىدىن يەرگە چۈشۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ خۇش خۇي چىرايى شۇ زامات جىددى تۇس ئالدى. ۋورونتسوۋ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئولتۇردى. ئاندىن ئۇ مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ سوزىگە جاۋاپ بېرىپ: بىزنىڭ قائىدىمىز بويىچە، دوستنىڭ كوڭلى نىمىنى تارتسا شۇنى بېرىش كېرەك، دېدى.

— سېنىڭ ئوغلۇڭ ماڭا دوست، — ئۇ يەنە تىزىغا چىققۋالغان بۇلكىنىڭ بۇدرە چاچلىرىغا قاراپ تۇرۇپ بۇ سوزنى رۇسچە ئېيتتى.

— ئۇ قالتىس دىلكەش ئىكەن، سېنىڭ بۇ توپىلاڭچىڭ بۇلكىنىڭ ئۇزىنىڭ خەنجىرىگە قىزىقسىنىپ قارىغىنىنى كورۇپ، خەنجىرىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. — مارىيە ۋاسىلىيېۋنا بۇ سوزلەرنى ئېرىدگە فرانسۇزچە ئېيتتى.

بۇلكا خەنجەرنى ئوگەي دادىسىغا كورسەتتى.

—C' est un objet de prix①—

دىدى مارىيە ۋاسىلىيىۋنا.

—Il faudra trouver l' occasion de lui faire cadeau,②

دىدى ۋورونتسوۋ.

هاجى مۇرات يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ بالىنىڭ بۇدرە چاچلىرىنى سىپاپ تۇرۇپ:

—ئەزىمەت، ئەزىمەت، —دىدى.

—كارامەت خەنجەر ئىكەن، —دىدى ۋورونتسوۋ بىلەپ ئىتتىكلىتىلگەن خەنجەرنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ كوروپ، —ياخشى كوڭلىڭىزگە رەخمەت.

—سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باق، —دىدى ۋورونتسوۋ تەرجىمانغا، —ئۇنىڭغا ياردەم لازىممىكەن.

تەرجىمان ئوروپ بەرگەندە، هاجى مۇرات دەرهاللا هىچنىمە لازىم ئەمەسلىگىنى، ناماز ئوقۇيدىغان بىر يەر تېپىپ بېرىشنى ئوتۇنىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ۋورونتسوۋ خىزمەتچىنى چاقىرىپ، هاجى مۇراتنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇشنى تاپىلىدى.

هاجى مۇرات ئوزىگە كورسىتىپ بېرىلگەن ئويدە ئوگچە قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى دەرهال ئوزگىرىپ، هىلىقى

---

① فرانسۇزچە: — بۇ، قىممەتلىك نەرسە.

② فرانسۇزچە: — پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭغا سوغا قايتۇرۇش كېرەك.

خوشاللىقىنىڭ ئورنىنى غەم-قايغۇ ئالامەتلىرى ئالدى.
ۋورونتسوۋ ئۇنى ئۆزى ئويلىغاندىكىدىنمۇ ياخشى كۈتتى. لېكىن بۇ كۈتۈش ياخشى بولغانسېرى ھاجى مۇراتنىڭ ۋورونتسوۋقا ۋە ئۇنىڭ ئەپتىسەرلىرىگە بولغان ئىشەنچى بوشاپ كەتتى. ئۇ، مېنى تۇتۇپ، پۇت-قولۇمنى چەمبەرچەس باغلاپ، سىبىرىيىگە پالىۋېتەرمۇ، يا بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ، دەپ بەك ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ئاگاھ بولۇپ يۈرەتتى.
ئۇ ئويگە كىرىپ كەلگەن ئېلىداردىن مۇرىتلىرىنىڭ نەگە ئورۇنلاشقانلىقىنى، ئاتلارنىڭ نەدىلىكىنى، قوراللارنىڭ يىغىۋېلىنغان-يىغىۋېلىنمىغانلىقىنى سورىدى.
ئېلدار ئاتلارنىڭ كىنەزنىڭ ئېغىلىدا ئىكەنلىكىنى، مۇرىتلىرىنىڭ سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، قورالنىڭ يەنىلا ئۇزلىرىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، تەرجىماننىڭ تاماققا ۋە چايغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.
ھاجى مۇرات گۇمانسىراپ بېشىنى چايقىدى-دە، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشقا كىرىشتى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۈمۈش خەنجىرىنى ئالدۇرۇپ، كىيىمىنى كىيىپ، بېلىنى باغلاپ، نىمە ئەھۋال بولۇشىنى كۈتۈپ ئۆزۈن ئورۇندۇقتا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.
سائەت توتتىن ئاشقاندا، ئۇنى كىنەزنىڭكىگە تاماققا چاقىردى.
ھاجى مۇرات بۇ يەردە پولودىن باشقا ھېچنىمىگە ئېغىز

تەگمىدى. ئۇ پولونىمۇ مارىيە ۋاسلىيېۋنا ئالغان يەردىن ئېلىپ يېدى.

—ئۇ بىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتامدىكىن، مەن نەدىن ئالسام ئۇمۇ شۇ يەردىن ئېلىۋاتىدۇ، —دېدى مارىيە ۋاسلىيېۋنا ئېرىگە قاراپ. ئاندىن تەرجىمان ئارقىلىق ھاجى مۇراتتىن بۈگۈن يەنە قاچانلىقتا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىدى. ھاجى مۇرات بەش بارمىقىنى كۆتەردى، يەنە كۈننى كۆرسەتتى.

—ئۈنداقتا، ئاز قاپتۇ.

ۋورونتسوۋ قوڭغۇراقلىق يانچۇق سائىتىنى ئېلىپ، پۇرژىنىسىنى بېسىۋىدى، سائەت جىرىڭلاپ تۆتتىن چارەك ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھاجى مۇرات بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، يەنە بىر قېتىم جىرىڭلاتقۇزۇپ ئاڭلىدى ۋە سائەتنى تۇتۇپ كۆردى.

— Voila l'occasion. Donnez-lui la montre.① —

مارىيە ۋاسلىيېۋنا ئېرىگە شۇنداق دېدى.

ۋورونتسوۋ سائەتنى شۇ زامات ھاجى مۇراتقا بەردى. ھاجى مۇرات قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ رەخمەت ئېيتىپ، سائەتنى ئالدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم سائەتنى جىرىڭلىتىپ ئاڭلاپ، مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

تاماقتىن كېيىن بىرسى كىنەزگە مېللېر زاكومېلىسكىنىڭ

---

① فرانسۇزچە: — مانا پۇرسەت كەلدى. سائەتنى ئۇنىڭغا بېرەيلى.

فۇگوٸەنى كەلگەنلىگىنى ئېيتتى.

فۇگوٸەن گېنېرالنىڭ ھاجى مۇراتنىڭ بۇ ياققا كەلگىنىنى ئۇقۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە ئۇقتۇرۇلمىغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولغانلىقىنى، ھاجى مۇراتنى دەرھال بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن دەپ بۇيرۇغانلىقىنى يەتكۈزدى. ۋورونتسوۋ گېنېرالنىڭ بۇيرۇغىنى دەرھال ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ گېنېرالنىڭ تەلەپىنى تەرجىمان ئارقىلىق ھاجى مۇراتقا ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى مېنىڭ زاكومېلىسكىنىڭ يېنىغا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

مارىيە ۋاسىلىيېۋنا فۇگوٸەننىڭ نېمىشقا كەلگەنلىگىنى بىلىپ، ئېرى بىلەن گېنېرال ئوتتۇرىسىدا كوڭۇلسىزلىك تۇغۇلۇشىنى پەملەپ، ئېرىنىڭ توسقۇنىغا قارىماي، بۇلار بىلەن بىللە بارماقچى بولدى.

—Vous feriez beaucoup mieux de rester; c' est mon affaire, mais pas la vôtre.

—vous ne pouvez pas m'empêcher d'aller voir madame la générale.①

—باشقا ۋاقىتتا بارساڭمۇ بولىدۇ.

---

① فرانسۇزچە: —سەن، ئەڭ ياخشىسى، بارما، بۇ مېنىڭ ئىشىم. سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس.

—سەن مېنىڭ گېنېرالنىڭ خانىمىغا سالام بېرىشكە بېرىشىمنى توسالمايسەن.

— ھازىر بارىمەن.

ۋورونتسوۋ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن بىللە باردى.

بۇلار ئۆيگە كىرگەندە، مېللىر مارىيە ۋاسىلىيېۋنانى سوغاق ھورمەت بىلەن ئايلىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپ، فوگوەنگە: ھاجى مۇراتنى مېھمانخانىغا باشلاڭلار، مەندىن بۇيرۇق بولمىغىچە ھېچيەرگە چىقارماڭلار، دەپ جېكىدى.

— مەرھەمەت، — دېدى ئۇ ۋورونتسوۋغا ئىشخانىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، كىنەز ئالدىدا، ئۆزى كەينىدە كىردى.

ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن كىنەزنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلماي، ئۆنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ سوزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ يەرنىڭ ھەربى باشلىغى. شۇڭا دۇشمەن بىلەن بولىدىغان كېلىشىمنىڭ ھەممىسى مەن ئارقىلىق بولۇشى كېرەك. سىز ھاجى مۇراتنىڭ تەسلىم بولغانلىغىنى نىمىشقا ماڭا ئۇقتۇرمىدىڭىز؟

— بىر ئايغاقچى كېلىپ ھاجى مۇراتنىڭ ماڭا ئەل بولماقچى ئىكەنلىگىنى ئېيتتى، — دېدى ۋورونتسوۋ. ئاچچىغىدا بوغۇلۇپ تۇرغان گېنېرالنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ۋە ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىنى كورۇپ، ئۇنىڭمۇ جۇدۇنى تۇتتى.

— ماڭا نىمىشقا ئۇقتۇرمىدىڭىز دەۋاتىمەن؟

— مەن شۇنداق قىلاي دېۋىدىم، بارون، بىراق...

— مەن سىزنىڭ بارونىڭىز ئەمەس، سىزنىڭ باشلىغىڭىز.

شۇنىڭ بىلەن، بارونىنىڭ ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن ئاچچىقى بىردىنلا پارتلاپ چىقتى. ئۇ قوسىقىدىكىنىڭ ھەممىسىنى توكۇۋەتتى.

— مەن يىگىرمە يەتتە يىلدىن بۇيان پادىشاغا تىخى تۇنۇگۈنكى سويىملار ئۇرۇق - توققانلىرىنىڭ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ يۈرسۇن دەپ ئىشلەۋاتقىنىم يوق.

— جاناپلىرى، بۇنداق ئادالەتسىز گەپنى قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن، — دېدى ۋورونتسوۋ ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ.

— مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن، مەن يول قويمايمەن...، — گېنېرال تېخمۇ چېچىلىپ كەتتى.

بۇ چاغدا كوينەكلىرىنى شىپىرلىتىپ مارىيە ۋاسىلىيېۋنا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، سىپايى ئايال — گېنېرالنىڭ خانىمى كىرىپ كەلدى.

— توۋا، بولدى قىلىڭ بارون، Simon نىڭ① سىز بىلەن پۈت تېپىشىش خىيالىمۇ يوق، — دېدى مارىيە ۋاسىلىيېۋنا.

— خانىم، مەن ئۇنداق دېگىنىم يوق...

— بولدىلا، بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ گەپلەرنى قويايلى. سىز بىلىسىز، تەگسە تېرىق بولىدۇ. مەن دەيمەنكى... — خانىم كۈلۈۋەتتى.

---

① سىمون — ۋورونتسوۋنىڭ فرانسۇزچە ئىسمى.

خانىمنىڭ يېقىملىق كۆلكىسى بىلەن گېنېرالنىڭ ئاچچىغى بېسىلىپ، لەۋلىرىدە كۆلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— مەن توغرا قىلمىغىنىمغا ئىقرار، — دېدى ۋوروننتسوۋ، — لېكىن...

— مەنمۇ بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويدۇم، — دېدى مېللېر ۋە كىنەزگە قولىنى ئۇزاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەپلىشىپ قالدى. ئۇلار ھاجى مۇراتنى ۋاقتىنچە مېللېرنىڭ يېنىدا قويۇپ تۇرۇپ، كېيىن سول تەرەپ ئەسكەر باشلىقىغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇشتى.

ھاجى مۇرات يانىدىكى ئۆيدە ئولتۇراتتى، ئۇ بۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئۇقمىسىمۇ، زورۇر ئىشلارنى بىلىپ ئولتۇراتتى: ئۇلار ھاجى مۇرات توغرىلىق تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شامىلنىڭ قېشىدىن قېچىپ كېلىشى رۇسلار ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ پالۋېتىلمەيدىغان ياكى ئولتۈرۈۋېتىلمەيدىغان بولسىلا، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مېللېر زاكومېلىسكى باشلىق بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئوزىنىڭ قول ئاستىدىكى ۋوروننتسوۋ-چىلىكمۇ رولى يوقلۇغىنى، شۇڭا مۇھىم ئورۇندىكىسى مېللېر زاكومېلىسكى ئەمەس، يەنلا ۋوروننتسوۋ ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنە-ۋالدى؛ شۇڭلاشقىمۇ مېللېر زاكومېلىسكى ھاجى مۇراتنى چاقىرىپ گەپ سورىغاندا، ھاجى مۇرات مەيدىسىنى كېرىپ مەغرۇر تۇرۇپ، تاغدىن قېچىپ كېلىشتىكى مەقسىدىم پادىشاغا خىزمەت

قىلىش، تەپسىلى ئەھۋالىنى تىفلىستىكى① باش قوماندان ۋورونتسوۋ② كىنەزگە دوكلات قىلىمەن، دېدى.

## 7

يارىدار بولغان ئاۋدېيېۋ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى، دوختۇرخانا قورغاندىن چىقىدىغان يەردىكى ئۆگزىسى تاختايلىق كىچىك بىر ئۆيدە ئىدى. كىشىلەر ئاۋدېيېۋنى ئاددىغىنا كېسەل خانىدىكى بىر بوش كارۋاتقا ياتقۇزدى. بۇ ئۆيدە تۆت كېسەل بار ئىدى: بىرسى كېزىك بولۇپ، قىزىپ كەتكەنلىكىدىن ئىغىناپ ئىڭراپ ياتاتتى؛ يەنە بىرسى بەزگەك كىشى بولۇپ، يۈزلىرى ئاقىرىپ، كوزلىرىنىڭ چۆرىسى كوكۇرۇپ كەتكەن، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن ئەسنەپ، ھىلىلا كېسىلى تۇتۇپ قالىدىغاندەك قىلاتتى؛ قالغان ئىككىسى بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە بۇرۇنقى ھۇجۇمدا يارىلانغان ئىدى: بۇلارنىڭ بىرىنىڭ يارىسى ئالىقىنىدا (بۇ كىشى ھازىر

---

① تىفلىس — سوۋېت ئىتتىپاقى گرۇزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى پايتەختى تبىلىس.

② ۋورونتسوۋ (1782 — 1856) 1844 - يىلى نىكولاي I نىڭ دەۋرىدە كاپكازدا باش ۋالى ۋە باش قوماندان بولۇپ تۇرغان. ئۇ كاپكازدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن "پالتا ئارقىلىق" جەڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇرە تۇراتتى)، يەنە بىرسىنىڭ يارىسى مۇرىسىدە (ئۇ كارۋاتتا ئولتۇراتتى) ئىدى. ھىلىقى كېزىكتىن باشقىلىرى بېكى ئېلىپ كېلىنگەن بۇ يارىدارنى ئورىۋېلىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەردىن گەپ سوراشقا باشلىدى.

— بەزىدە ئوق پۇرچاقتەك چېچىلىپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغدا ھېچ ئىش چىقمايدۇ. لېكىن بۇ قېتىم ئېتىلغىنى ھەممىسى بولۇپ جەمى بەش پاي ئوق، — دېدى ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەردىن بىرى.

— ھەركىم ئۆز پېشانىسىدىكىنى كورىدۇ!

— ۋايجان! — ئاۋدېيېۋ كارۋاتقا ياتقۇزۇلغاندا ئاغرىققا چىدىيالماي قاتتىق ۋاقىرىۋەتتى. ئۇ ياتقاندىن كېيىن ئۇنچۇۋاقماستىن قاپىغىنى تۈرۈۋالدى. ئۇ ھە دەپ پۇتلىرىنى لىڭشىتاتتى، ئىككى قولى بىلەن يارىسىنى تۇتۇپ، بىر نۇقتىغا كوز ئۈزمەي قارايتتى.

دوختۇر كېلىپ ئۇنى دۈم ياتقۇزۇپ، ئوق كەينى تەرەپتىن چىقىپ كەتتىمۇ، يوق دەپ قارىدى.

دوختۇر دۈمبىسى ۋە ساغرىسىدىكى بىر بىرىنى كېسىپ

---

قىلىش پىلانىنى تۈزگەن. ”پالتا ئارقىلىق“ دېگەنلىك تاغلىقلار مۇداپىئەلىنىدىغان، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ۋە يوشۇرۇنىدىغان ئورمانلارنى كېسىپ تۈگىتىش دېگەنلىك ئىدى. ئۇ جەنۇبىي چېچەن رايونىدا ئولكە باشلىغى بولغاندا، شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان شائىر پۇشكىنغا زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن شائىر يەنە مىخايلوۋسكاياغا سۈرگۈن قىلىنغان.

ئوتكەن ئاق تاتۇقنى كورۇپ سورىدى:

— بۇ نىمە؟

— بۇ كونا يارا، جاناپلىرى، — دىدى ئاۋدىيىۋ ئەنىدىكىپ.

بۇ ئۇنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى ئىچىپ تۈگەتكەنىلىگى ئۇچۇن تارتقان جازاسىنىڭ ئىزنىسى ئىدى.

كىشىلەر ئاۋدىيىۋنى ئوڭىدا ياتقۇزدى، دوختۇر ئەسۋاپ بىلەن ئۇنىڭ قوسىغىنى ئۇزۇن مالتىلاپ يۈرۈپ، ئوقنى تاپقان بولىسمۇ، لىكىن ئالالىمىدى. دوختۇر يارىنى دورا سۈركەپ تىڭىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. دوختۇر يارىسىنى مالتىلىغان ۋە تاڭغان چاغدا، ئاۋدىيىۋ چىشىنى چىشلەپ، كوزىنى يۇمۇپ جىم ياتتى. دوختۇر چىقىپ كەتكەنىدىن كىيىن، ئۇ كوزىنى ئىچىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپقا كوز يۈگۈرتىتى، ئۇ كىسەللەر بىلەن سىيىستىرالارغا قارىغانىدەك قىلىسمۇ، كوزىگە ئۇلار ئەمەس، ئاجايىپ باشقا بىر نەرسلەر كورۇنىدى.

ئاۋدىيىۋنىڭ پانوۋ، سىرىگىن دىگەن دوستىلىرى كىردى. ئاۋدىيىۋ داڭ قىتىپ ئالدىغا قارىغان پىتى بايقىدەكلا ياتاتىتى. ئۇ گەرچە دوستلىرىغا تىكىلىپ قارىغانىدەك قىلىسمۇ، خىيلىغىچە ئۇلارنى تونۇمىدى.

— پىترۇخا، سىنىڭ ئوز ئويۇڭگە دەيدىغان ئىشىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى پانوۋ.

ئاۋدىيىۋ پانوۋنىڭ يۈزىگە قاراپ ياتىقان بولىسمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭگە دەيدىغان ئىشىڭ بارمۇ دەۋاتىمەن، — دېدى يەنە پانوۋ ئۆنىڭ مۇزدەك سوغاق، يوغان قوللىرىنى مىدىرلىتىپ.

ئاۋدېيېۋ ئېسىگە كەلگەندەك:

— ھە، ئانتونىچىمۇ سەن! — دېدى.

— ھە، مەن، ئۆيۈڭگە بىرەر خەت — پەت ئەۋەتەمسەن؟ سىرپىگىن يېزىپ بېرىدۇ.

— سىرپىگىن، — دېدى ئاۋدېيېۋ ئاران دىگەندە كوزىنى سىرپىگىنگە يوتكەپ، — سەن يازامسەن؟... يازساڭ مۇنداق دەپ ياز: سېنىڭ ئوغلۇڭ پىترۇخا ئۇزاق ياشىيالمايدىغان بولدى دىگىن. ئاكامغا بەك زوقلىناتتىم. ھازىر ساغا ئېيتىمەن، ھازىر ئېيتىمەنكى، مەن ئىنتايىن خوشال. ئۇ بۇ ئالەمنىڭ راھىتىنى كورسۇن. ئۇنى خۇدايىم ساقلىسۇن، مەن ئىنتايىن خوش. شۇنداق دەپ ياز.

ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ، كوزىنى پانوۋدىن ئۇزمەي خېلىغىچە جىمىپ كەتتى ۋە بىردىنلا:

— ھەي، غاكزاڭ تېپىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. پانوۋ جاۋاپ بەرمەي بېشىنى لىڭشىتتى.

— غاكزا، غاكزاڭ تېپىلدىمۇ دەۋاتىمەن؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى ئاۋدېيېۋ.

— تاپتىم، خالتامدا ئىكەن.

— مۇنداق دىگىنە، ھەي، ماڭا شام بەر، مەن ھازىر

ئۇلسەن، — دىدى ئاۋدىيىۋ.

شۇ ئەسنادا پولتاراتىسكى يارىدار قىرىنداشلىرىنى يوقلاپ كەلدى.

— ئۇكا، قانداقراق، ياخشى تۇرامسەن، — دىدى ئۇ.

ئاۋدىيىۋ كوزىنى يۇمۇپ، بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ جۇدەڭگۇ چىرايى ئاقىرىپ، سۇرلۇك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ جاۋاپ بەرمەي، پانوۋغا قاراپ يەنە بىر قېتىم دىدى:

— ماڭا شام بەر. مەن ئۇلسەن.

شامنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشتى، لېكىن ئۇنىڭ بارماقلىرى ئېگىلمىگەنلىگى ئۈچۈن، شامنى بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشتى. پولتاراتىسكى كەتتى، ئۇ كېتىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن، سېستىرا ئۇنىڭ يۈرىگىنى تىڭشاپ كورۇپ، جان ئۈزۈپتۇ، دىدى.

ئاۋدىيىۋنىڭ ئۇلۇمى توغرىلىق تىفلىسقا يوللانغان مەلۇماتتا مۇنداق دىيىلگەن ئىدى:

23-نويابىر كۇنى كۈرىنسكى تۇەنىنىڭ ئىككى لىيەنى ياغاچ كېسىش ئۈچۈن قورغاندىن چىققان ئىدى. چۈش مەزگىلىدە بىر توپ تاغلىقلار ياغاچ كەسكۈچى ئەسكەرلەرگە هۇجۇم قىلدى. ئالدىنقى سەپتىكىلەر چېكىنىشكە باشلىغان ئىدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئىككىنچى پەي نەيزە بىلەن هۇجۇمغا ئوتۇپ، تاغلىقلارنى پارچىلىۋەتتى. ئۇرۇشتا ئىككى ئەسكەر يېنىك يارىلاندى، بىرسى ئولدى، تاغلىقلاردىن

بولسا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ياردار بولدى ۋە ئۆلدى.

## 8

ۋوزدۋىژىنسكى دوختۇرخانىسىدا پېتىرۇخا ئاۋدىيېۋ قازا تاپقان كۈنى ئۇنىڭ قېرى ئاتىسى، يەڭگىسى، ئاكىسىنىڭ رەسىدە بولغان قىزى خاماندا سوغاقتا قارىماي سۇلۇ تېپىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن قاتتىق قار ياققاچقا، ئەتىگەنلىكى ھاۋا ئىنتايىن سوغاق بولغان ئىدى. توخۇ ئۈچىنچى قېتىم چىللىغاندا، بوۋاي ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، قىرو باسقان دەرىزىدىن ئاينىڭ يورۇغىنى كورۇپ كاڭدىن چۈشتى-دە، ئۆتۈكى، جۇۋىسى ھەم تۇمىغىنى كىيىپ، خامانغا كەتتى. بوۋاي ئىككى سائەتتەك ئىشلىگەندىن كېيىن، ئويىگە كېلىپ بالا-چاقىلىرىنى ئويغاتتى. ئاياللار بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسى كەلگەندە، خامان پاك-پاكىز ئادالانغان، ياغاچ گۈرجەك بىلەن سۈپۈرگە قارغا سانچىپ قويۇلغان ئىدى؛ پاك-پاكىز خامانغا باغلانغان سۇلۇلار باشاقلىرى روپىرو قىلىپ ئىككى قاتار قويۇلغان ئىدى. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ دان سوققۇچلىرى بىلەن رىتىملىك ئاۋاز چىقىرىپ، سوقۇشقا باشلىدى. بوۋاي ئېغىر سوققۇچ بىلەن سۇلۇنىڭ سامىنىنى يەنچىمەكتە، قىز سۇلۇنىڭ باشىغىنى سوقماقتا، كېلىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

باغنى ئورۇپ بەرمەكتە ئىدى.

ئاي پېتىپ، ئاستا-ئاستا تاڭ يورۇدى. خاماندىكىلەر بىرىنچى قاتاردىكى سۇلۇنى سوقۇپ بولغاندا، بوۋاينىڭ كالتە جۇۋا، پاپاخ كىيىۋالغان چوڭ ئوغلى ئاكىم كەلدى.

— سېنىڭ هورۇنلۇق قىلىپ يۇرگىنىڭنى قارا، — دىدى بوۋاي ئىشنى توختىتىپ ئۇنى ئەيىپلەپ، سوقىقۇچنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئاتلارغىمۇ قاراش كېرەك — دە.

— ئاتلارغا قاراپتىمىش، — دىدى بوۋاي مازاق قىلىپ، — ئاپاڭ قارايدۇ. سوقىقۇچنى ئال. سەمرىپ كەتتىڭ، شوپاڭ كۈچۈڭگى.

— ماڭا هاراق بەرسەڭ سەن بېرەمتىڭ؟ — دىدى ئوغلى غودۇڭشۇپ.

— نىمە؟ — دەپ ۋاقىردى بوۋاي قاپىغىنى تۇرۇپ، قولىنى ئىشتىن توختىتىپ.

ئوغلى لام-جىم دىمەستىن سوقىقۇچنى ئالدى. ئەمدى سۇلۇنى توت سوققۇچ سوقماقتا ئىدى: شارت-شۇرت، شۇرت-شۇرت، شارت-شۇرت، شۇرت، شۇرت، شارت قىلغىنى بوۋاينىڭ سالماقلىق سوققۇچىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— قارا ئۇنىڭ بوينىغا، سېمىزلىگى خۇددى خوجايىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەن ئورۇقلاپ ياغاچ بولۇپ قالدىم، — دىدى بوۋاي سوقۇشنى بىر قېتىم توختىتىپ، ئۇ رېتىمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن

سوققۇچنى ھاۋادا ئايلاندۇردى.

يەنە بىر قېتىم ئاياق سىلىشقا توغرا كەلدى. ئاياللار تاماق بىلەن سامانىنى يىغىشقا باشلىدى.

— سەن ئۇچۇن ئەسكەرلىككە كەتكەن پېترۇخامۇ ئازا ئەخمەق. ئەسكەر بولغان بولساڭمۇ ئوڭلىنارمىدىڭكىن، تاڭ، ئۇ ئۇيدە بولغان بولسا سەندەكتىن بەشىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى.

— دادا، ئەمدى قويسىڭىزا، — دېدى كېلىنى پايخان قىلىنغان سامانىنى ئايرىۋېتىپ.

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئالتىڭلارنى بىكارلا بېقىۋاتىمەن، بىرىڭلارمۇ ئىشقا ياردىمايسىلەر. پېترۇخا بولغان بولسا ئىككى كىشىلىك ئىش قىلاتتى، بۇ دېگىنىم...

يۇڭ پايپاق ئۇستىگە چورۇق كىيگەن موماي قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، ئىشىك ئالدىدىكى يالغۇز ئاياق يول بىلەن بۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئەرلەر سورۇلغان داننى دوۋىلەۋاتاتتى، ئاياللار سۇپۇرۇۋاتاتتى.

— كەنت ئاقساقىلى كېلىپ كەتتى، بايغا خىش توشۇيسىلەر دەيدۇ، — دېدى موماي، — مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي، سىلەر ئۇ يەرگە بېرىڭلار.

— مەيلى. سەن بوز ئاتنى قېتىپ يولغا چىق، — دېدى بوۋاي ئاكىمغا، — پەخەس بول، يەنە ئوتكەندىكىدەك ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ يۈرمە. پېترۇخانىڭ ياخشىلىغى ئېسىڭدە بولسۇن.

— ئۇ بار چاغدا ئۇنىڭغىمۇ تىللاپ كۈن بەرمەيتتىڭ. ئەمدى

مەن قالدىممۇ دەيمەن، — دىدى ئاكىم دادىسىغا گەپ ياندۇرۇپ.
— ئۇنى ئۇزەڭدىن كور، — دىدى ئانىسىمۇ ئاچچىقلىنىپ، — پېترۇخا سىنىڭ ئورنۇڭغا بارمىسىمۇ بوپتىكەن.
— ھىم، بولدى! — دىدى ئوغلى.
— بولدى دىگىنىڭنى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى هاراقىقا تېگىشىپ تۇگەتتىڭ. يەنە بولدى دەيسىنا.
— ياندىكى ھىسپىنىڭ قەدرى يوق دەپتىكەن، — دىدى كېلىنى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن سوققۇچىنى قويۇپ، ئويگە قايتتى.
ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكچىلىككە ئۇزاق بولغان، ئۇنى پېترۇخا ئەسكەرلىككە كەتكەندىن كېيىنلا باشلانغان دىسىمۇ بولىدۇ. بوۋاي پاختەكنى دەپ قارچۇغىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىغىنى شۇ چاغدىلا بىلگەن ئىدى. راست، قانۇن بويىچە، بالا-چاقىلىقىنىڭ ئورنىغا بالا-چاقىسىزنىڭ ئەسكەرلىككە بىرىشى لازىملىغىنى بوۋايمۇ بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئاكىمنىڭ توت بالىسى بار ئىدى، پېترۇخا بولسا تېخى پەرزەنت كورمىگەن، ئەمما پېترۇخا دادىسىغا ئوخشاش ئىشچان ئىدى: ئۇ چەبدەس، ئەپلىك، غەيرەتلىك، قاۋۇل بولۇپ، ئىش دىسە ئىرىنمەيتتى. ئۇنىڭ قولى بىكار تۇرمايتتى. ئىش قىلىۋاتقانلارنى كورسە، دادىسىغا ئوخشاش، دەرھال قارىشىپ بىرەتتى — يا بىر-ئىككى سول بۇغداي ئورۇپ بىرەتتى، يا ئۇنى هارۋىغا بىسىپ بىرەتتى، يا بولمىسا ياغاچ كېسىپ، ئوتۇن كەسلەپ بىرەتتى. بوۋاي

ئۇنى ئايىغۇسى كەلسمۇ، دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ئۇ ئەسكەر-لىككە كەتكەندە، بوۋاي قول-قانىتىدىن ئايرىلغاندەك بولدى. ئەسكەر دىگەن تالالىق قىلىنغان قىز بالىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى تولا ئويلاپ، ئۆزىنى ئۇپرىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بوۋاي چوڭ ئوغلىغا تۇرتكە بولۇش ئۈچۈنلا بۇگۈنكىدەك ئۇنى بىرە-بىرە تىلغا ئېلىپ قوياتتى. موماي كىچىك ئوغلىنى ھەمىشە سېغىناتتى. خېلى بۇرۇنلا — ئوغلى كېتىپ ياندۇرقى يىلىلا بوۋايغا پېترۇخاغا پۇل ئەۋەتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بوۋاي گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىپ ئوتكۇزۇۋەتكەن ئىدى.

ئاۋدېيېۋلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشى ئىدى، بوۋاينىڭ يوشۇ-رۇن ساقلاپ يۈرگەن پۇللىرىمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ھەر-گىزمۇ قول تەككۈزگىلى قويمايتتى. ھازىر موماي ئۇنىڭ كەنجى ئوغلىنى ئېغىزغا ئالغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ، سۇلۇ ساتقاندىن كېيىن ئوغلىغا بىرەر سوم بولسىمۇ ئەۋەتىشنى ئېيتماقچى بولدى. موماي شۇنداق قىلدى. ياشلار باينىڭ ئىشىغا كېتىپ، ئويدە ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، موماي ئۇنى سۇلۇنىڭ پۇلىدىن ئوغلىغا بىر سوم ئەۋەتىشكە ئۇناتتى. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سورۇلۇپ ئادالانغان ئون ئىككى چا-رەك سۇلۇ تاغارغا قاچىلىنىپ، تاغارنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلىپ، ئۈچ چانىغا بېسىلغاندا، موماي ئىبادەتخانا خىزمەتچىسىگە ئۆزى ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرغان خەتنى بوۋاينىڭ قولىغا تاپشۇردى. بوۋاي شەھەرگە كىرىپ، خەت بىلەن بىر سومنى قوشۇپ،

ئوغلىغا ئەۋەتمەكچى بولدى.

كالتە جوۋا ئۇستىدىن يېڭى چاپان كىيگەن، پۇتىغا ئاپپاق يۇڭ پايپاق ئورىغان بوۋاي خەتنى ئېلىپ يانچۇغىغا سالدى-دە، خوداسىغا چوقۇنۇپ، ئالدىدىكى چانىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە ماڭدى. كەينىدىكى چانىغا نەۋرىسى چىقتى. بوۋاي شەھەرگە كىرىپ، سارايۋەنگە خەتنى ئوقۇتۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ زەڭ قويۇپ تىڭشىدى.

پېترۇخانىڭ ئانىسىنىڭ خېتىدە ئامان-ئېسەنلىك سورالغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ سالاملىرى ۋە بىر يانچىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى، ئاخىرىدا ئاكسىنيە (پېترۇخانىڭ خوتۇنى)نىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئوتتۇشنى خالىماي، باشقىلارغا چاكار بولۇپ ئىشلەشكە كەتكەنلىكى، ئاكسىنيەنى ئىنساپ-تۇۋېق بىلەن ياشاۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانلىقلىرى يېزىلغان، ئۇنىڭغا يوللانغان بىر سوم پۇل توغرىلىقمۇ گەپ قىستۇرۇلغان، بىچارە مومايىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئىبادەتخانا خىزمەتچىسىگە ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن مونۇ سوزلىرىمۇ قوشۇپ يېزىلغان ئىدى: ”يەنە، ئاندىن جېنىم بالام، قوزام، سەن مېنىڭ پېترۇشېنكام①، سېنى سېغىنىپ تولا يىغلاپ كوز ياشلىرىم قۇرۇپ كەتتى، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. جېنىم يۇلتۇزۇم، سەن مېنى كىملەرگە قالدۇرۇپ كەتتىڭ...“ سوز بۇ يەرگە كەلگەندە موماي هوڭگىد-

---

① پېترۇشېنكا — پېترۇخانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

رەك ئېيتىپ يىغلاپ كەتكەن ۋە: "بوپتۇ، شۇنداق كېتىۋەرسۇن" دېگەن ئىدى.

خەت شۇنداق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن پېترۇخاغا خوتۇنىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى، ئانىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاش، بىر سوم پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىش نېسىپ بولمىغان ئىكەن. خەت بىلەن پۇل پېترۇخا "پادىشا، ۋەتەن ھەم دىن يولىدا ئۆلدى" دېگەن ئۇقتۇرۇش بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق لاگېرنىڭ كاتىۋى شۇنداق دەپ يازغان ئىدى.

موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تاكى ئىش ۋاقتى بولغانغا قەدەر قاتتىق يىغا-زارە قىلدى. ئۇ بىرىنچى يەكشەنبىدىلا ئىبادەتخانىغا بېرىپ، شەيخلەرگە تەڭرىنىڭ قولى پېترۇخانى يادلاش ئۈچۈن سەدىقە بەردى.

خوتۇنى ئاكسىنىيەمۇ ئۆزى بىلەن بىر يىللا بىللە بولغان مېھرىۋان ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قاتتىق يىغا-زارە قىلدى. ئۇ ئېرىگە، ئۆزىنىڭ خاراپ بولغان ئۆمرىگە ئېچىناتتى، قاتتىق يىغلاۋېتىپ، پېتىر مىخايلوۋىچنىڭ سېرىق بۇدرە چاچلىرىنى، ئۇنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى، يېتىم قالغان ۋانكا① بىلەن

① يۇقۇرىدا پېترۇخانىڭ بالىسى يوق دېيىلگەن، بۇ يەردە ۋانكىنى يېتىم قالدۇرغانلىقى ئېيتىلغان، بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ بالا ئۇ ئەسكەرلىككە كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئوزىنىڭ شور پىشانىلىگىنى ئەسلەيتتى ھەم پېتروۇشانىڭ① ئوزىنىڭ بىچارە خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىماي، ئاكسىغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى يات كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۇرتۇپ قويۇپ كەتكەنلىگىگە ئېچىنىپ، پېتروۇخاغا خاپا بولاتتى.

لېكىن ئاكسىنىيە، چىن كوڭلىدىن ئېيتقاندا، پېتروۇخانىڭ ئولگەنلىگىگە خوشال بولاتتى. ئۇ، پېتروۇخا كەتكەندىن كېيىن، بىر پومىشىكنىڭ غوجىدارى بىلەن يېتىپ قوپۇپ يۇرۇپ، ھامىلدار بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ غوجىدار بىلەن بىللە تۇرسىمۇ ئەمدى ھىچكىم ئۇنى ھاقارەتلىيەلمەيدۇ، غوجىدار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۇنى ئوز ئەمرىگە ئالىدۇ.

## 9

روسىيە ئەلچىسىنىڭ ئوغلى — ئەنگلىيىدە تەربىيلەنگەن ۋورونتسوۋ مىخائىل سېمېنوۋىچ ئوز ۋاقتىدا يۇقۇرى دەرىجىلىك روسىيە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان، ياۋروپادا تەربىيە كورگەن كىشى ئىدى، ئۇ تووەن دەرىجىلىك-لەرگە مۇلايىم، يۇمشاق كوڭۇل، ناھايىتى ئەدەپلىك كورۇ-

---

① بۇمۇ پېتروۇخانىڭ ئەكىلەتمە ئىسمى.

نەتىجىدە يۈزۈپ كەتتى، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلاردا بولغاندەك ساپ گەر يۈز كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئىنىسىنىڭ ھوقۇقسىز ۋە بوي سۇنۇش تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ يۇقىرى سەۋەب ۋە ئوردىنىلىرى بىلەن ئۇزۇنى پىشقان ھەربىي ئالىم، ھەتتا كىراسنى جېڭىدە ناپالېئوننى يەڭگۈچى ھېساپلايتتى. 1851 ـ يىلى يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ تېخى تېتىك، مەزمۇت ئىدى، ئۇ ئۇزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئابرويىنى ئاشۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولىدىغان نازۇك ۋە ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باي خوتۇنى بىرانىتسكايا خانىمىنىڭ چوڭ بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوماندانلىق ھېساۋىغا كىرىدىغان زور مىقداردىكى كىرىمى بىلەن ھەددىدىن زىيادە بېيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىمنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز بويىغا باغ ۋە ساراي سالدۇرۇشقا سەرپ قىلغان ئىدى.

1851 ـ يىلى 7 ـ دېكابىر كەچقۇرۇنلۇغى ئۇنىڭ تىفلىستىكى سارىيىنىڭ ئالدىغا ئۈچ ئات قوشقان مەپە كېلىپ توختىدى. ھاجى مۇراتنىڭ رۇسلارغا ئەل بولغانلىقى توغرىسىدىكى گېنېرال كوزلوۋىسكىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن، ھېرىپ ـ ئېچىپ چاڭ ـ توزاڭغا مىلەنگەن ئەپىتسەر كۆيۈشكەن پۇتلىرىنى سوزۇپ، قاراۋۇللارغىمۇ پەرۋا قىلماستىن ۋورونتسوۋنىڭ سارىيىنىڭ كەڭ پەلەمپىيىگە قەدەم باستى. كىشىلەر ئەلچى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا سائەت ئالتە بولغان بولۇپ، بۇ چاغدا ۋورونتسوۋ تاماققا

كىرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ۋورونتسوۋ ئەلچىنى ساقلاتماستىنلا قوبۇل قىلدى، شۇڭا ئۇ تاماققا كېچىكىپرەك كىردى.

ئۇ مېھمانخانىغا كىرگەندە، كىنەز خانىم ئېلىزاۋېتا كىساۋېرىيېۋنانىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋە دەرىزە يېنىدا توپ-توپ بولۇپ يىغىلىپ تۇرۇشقان ئوتتۇزچە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇرالدى. ۋورونتسوۋ ئاددىلا قارا ھەربى كىيىم كىيگەن، چۆچىلىق پاگونىنى تاقىماي، كىچىك پاگونىنىلا تاقاپ، بويىنىغا ئاق كىرىست ئاسقان ئىدى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى قىرىلغان تۈلكە يۈزلىرى يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى، يىغىلىشقان كىشىلەرگە ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ چىقتى.

ئۇ يېنىك قەدەم بىلەن ئىتتىك كىرىپ، كېچىكىپ قالغانلىقىغا خانىملاردىن ئەپۇ سورىدى، ئەرلەر بىلەن سالاملاشتى، قىرىق بەش ياشلىق، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىققىنا كەلگەن گىرۇزىن خانىم مانانا ئوربېلىيانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى شىرەنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. كىنەز خانىم ئېلىزاۋېتا كىساۋېرىيېۋنا يېڭى كەلگەن، بۇرۇتلىرى قىلتىرىغەتەك يىرىك، قىزىل چاچلىق گېنېرالغا قولىنى سوزدى؛ گىرۇزىن كىنەزى كىنەز خانىمنىڭ دوستى شۇئازېل گىراف خانىمغا قولىنى سوزدى. كېيىن دوختۇر ئاندرېيېۋسكى، فۇگوەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ بەزىلىرى خانىملار بىلەن، بەزىلىرى يالغۇز ھالدا ئالدىنقى ئۈچ جۈپنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. ئۇزۇن كويىنەك، پايپاق ۋە پوپۇچ كىيگەن ئوي خىزمەتچىلىرى مېھمانلارغا ئورۇندۇقلارنى

تەيياрلاپ قويۇشتى. ئاشپەز كۈمۈچ داستىكى پۇقۇراپ ھور چىقىپ تۇرغان شورپىنى داغدۇغا بىلەن قاچىلارغا ئۇسۇدى.

ۋورونتسوۋ ئۆزۈن شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇزىنىڭ خوتۇنى بىلەن گېنېرال ئولتۇردى. ئوڭ تەرىپىدە گۈزەل ئوربېلىيانى، سول تەرىپىدە ئۆزى كېلىشكەن، قارا چاچلىق، قىزىل يۈزلۈك، پار-پۇر ئۇنچە-مارجان ئاسقان، ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كىنەز قىزى گىرۇزىنكا ئولتۇراتتى.

— Excellentes, Chère amie,[①] — دېدى ۋورونتسوۋ كىنەز خانىمىنىڭ ئەلچى نىمە خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ، — Simon a eu de la chance.[②]

ئۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ، شامىلنىڭ داڭلىق، ئەڭ قەھرىمان يارەدەمچىسى ھاجى مۇراتنىڭ رۇسلارغا ئەل بولغانلىقى ۋە بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە تىفلىسقا ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەيران قالارلىق خەۋەرنى سوزلەشكە باشلىدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئانچە يېڭىلىق ئەمەس ئىدى، چۈنكى سوھبەت ئوتكۈزۈلۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان ئىدى.

---

① فرانسۇزچە: — ناھايىتى ياخشى، قەدىرلىك دوستۇم.

② فرانسۇزچە: "سىموننىڭ ئامىتى كەلدى".

سورۇندىكى ھەممە كىشى، ھەتتا شىرەنىڭ يىراق بۇرجەك-لىرىدە ئۆزلىرىچە ئاۋاز چىقارماي كۇلۇشۇپ ئولتۇرغان ياشلار، فۇگۇەنلەر ۋە ئەمەلدارلار ئۇنىڭ سوزىنى ئۈن-تىنسىز تىڭشى-ماقتا ئىدى.

—گېنېرال، سىز ھاجى مۇراتنى كورگەنمىدىڭىز؟—كىنەز سوزىنى تۇگەتكەندە، كىنەز خانىم بۇرۇتلىرى قىلتىرىقتەك يىرىك، قىزىل چاچلىق گېنېرالغا بۇرۇلۇپ سورىدى.

—بىرنەچچە قېتىم كورگەن، خانىم.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ گېنېرال ھاجى مۇراتنىڭ 1843-يىلى تاغلىقلار گېرگېبىلنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، گېنېرال پاسسېك-نىڭ قىسمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ تۇەنجاڭ زالوتۇخىننى ئولتۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالغانلىقىنى ئوز كوزى بىلەن كورگەنلىكىنى سوزلەپ بەردى.

ۋورونتسوۋ خوشاللىق بىلەن كۇلۇمسىرەپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ گېنېرالنىڭ سوزلىرىدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما بىردىنلا ۋورونتسوۋنىڭ ئوڭى ئوچۇپ، چىرايى تۇتۇلدى.

قىزىق سوزلەۋاتقان ھىلىقى گېنېرال ئۆزىنىڭ ھاجى مۇرات بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشقانلىقىنى سوزلەشكە باشلىدى.

—بۇ ئاشۇ كىشى بولىدۇ،—دەيتتى گېنېرال سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،—جاناپلىرى، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، شۇ قېتىم ياردەم قىلىنغان جايدا "سۇخار يۇرۇشى" قىسمى قورشى-

ۋالغان ئىدى.

— قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ۋورونتسوۋ ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

ئەسلىدە بۇ باتۇر گېنېرال ئېيتقان "ياردەم" شۇ قېتىمقى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان دارگىن① يۈرۈشىنى كۆرسىتەتتى؛ شۇ قېتىمقى يۈرۈشتە يېڭى يېتىپ كەلگەن قىسىم ياردەم قىلمىغان بولسا، ھەقىقەتەن، بارلىق ئەسكەرلەر ھەتتا قوماندان ۋورونتسوۋمۇ ئامان قالمىغان بولاتتى. ۋورونتسوۋ قوماندانلىق قىلغان شۇ قېتىمقى دارگىن يۈرۈشىدە رۇسلارغا نۇرغۇن تالاپەت يېتىپ، بىرقانچە زەمبىرەك چىقىم تارتىپ، ئۇياتتا قالغۇدەك ۋەقە بولغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇڭا كىمكى بۇ قېتىمقى يۈرۈش توغرىلىق ئېغىز ئاچسا، ۋورونتسوۋ پادىشاغا دوكلات قىلغان مەزمۇندا يەنى بۇ يۈرۈشتە رۇس ئەسكەرلىرى شانلىق غەلىبە قازاندى دېيىشى كېرەك ئىدى. "ياردەم" سۆزى ئۇنىڭ شانلىق غەلىبە قازانغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان چوڭ خاتالىقىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئىش ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گېنېرال-

① دارگىن يۈرۈشى ۋورونتسوۋ 1845-يىلى يېتەكچىلىك قىلغان يۈرۈش بولۇپ، مەقسەت شامىلنىڭ شىمالىي داغىستاندىكى دارگىن قورغىنىنى بىتچىت قىلىش ئىدى، دارگىن ئىشغال قىلىنىپ ۋەيران قىلىنغان، ئەمما بۇ جەڭدە روسىيە ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم قىلغان.

نىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغاندەك ئولتۇراتتى، بەزىلىرى هاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، كېيىن يەنە نىمىلەر بولۇشىنى كۈتەتتى، يەنە بەزىلىرى كۈلۈمسىرەپ، بىر بىرىگە قارىشىپ قوياتتى.

پەقەت بۇرۇتلىرى قىلتىرىقتەك گېنېراللا هىچنىمىنى سەز-مەي، هىكايىسىنى بىمالال سوزلەۋاتاتتى، ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاپ بەردى.

— ياردەمگە كەلگەن يەردە، جاناپلىرى.

قىزىق پاراڭغا يول ئېچىلغانلىقتىن؛ بۇ گېنېرال تەپسىلى سوزلەشكە باشلىدى:

— هاجى مۇرات ئۇستىلىق بىلەن قىسمىنى ئىككىگە بولۇپ تاشلىدى. ئەگەر بىزگە ياردەمگە كەلمىگەندە، — ئۇ "ياردەم" سوزىنى بولەكچىلا بىر ئىشتىياق بىلەن تەكرارلىغاندەك ئېيت-تى، — هىچكىم قېچىپ قۇتۇلمىغان بولاتتى. چۈنكى...

مانانا ئوربېلىيانى ئوتتۇرىدىكى بەپىلكنى سېزىپ، تىفلىس-تىكى ئويىڭىز ئازادىمۇ، قانداق دەپ سوراپ ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ تاشلىغانلىقتىن، گېنېرال سوزىنى ئاياقلاشتۇرالمىدى. ئۇ هاڭ-تاڭ بولۇپ، ھەممەيلەنگە ۋە شىرەنىڭ نېرىقى بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئوزىگە دىققەت بىلەن مەنالىق قاراۋاتقان ۋوگوۋەنىگە كوزى چۈشۈپ، بىردىنلا ئېسىنى تاپتى. ئۇ گىرۇزىن خانىمغا جاۋاپ بەرمەيلا، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، گەپ قىلمىدى ۋە ئالدى-راپ-سالدىراپ تەخسىدىكى ئىسسىق غىزانى رەڭگى ۋە تەمى

بىلەن ھېساپلاشمايلا يېيىشكە كىرىشتى.

بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن بۇ ئوڭايسىزلىقنى ۋورونتسوۋا خانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، سارايدا خىزمەت قىلىدىغان تازىمۇ ئەخمەق، ھەددىدىن تاشقىرى خوشامەتچى گىرۇزىن كىنەزى ئۆزگەرتتى. ئۇ ھېچنىمىنى سەزمىگەندەك، ھاجى مۇراتنىڭ مېختۇلىندىكى① ئەخمەتخاننىڭ خوتۇنىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىگى توغرىلىق ۋاقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇ، كېچىدە يېزىغا كىرىپ، تۇتىدىغان ئادەملەرنى تۇتۇپ، پۈتۈن ئادەملىرىنى باشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇ خوتۇننى تۇتۇۋالىدىكەن؟ — دەپ سورىدى كىنەز خانىم.

— ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئۆچلىشىپ يۈرگەچكە، ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن، لېكىن ئەخمەتخان ئۆلگىچە ئۇنى بىرەر قېتىم ئۇچرىتالمىغانلىقتىن ئۇنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىدىن ئۆچىنى ئاپتۇ.

كىنەز خانىم بۇنى گىرۇزىن كىنەزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كونا دوستى شۇئازېل گىراف خانىمغا فىرانسۇزچە ئېيتتى.

— Quelle horreur!② — دېدى كىنەزخانىم كۆزلىرىنى

---

① مېختۇلىن — داغىستان تاغلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدا قۇرۇلغان خانلىق ئىدى.

② فىرانسۇزچە: "نېمە دېگەن دەھشەتلىك."

قىسىپ، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— ياق، ئۇنـداق ئەمەس، — دېـدى ۋوروونتسوۋ كۈلۈمسـىـ-
رەپ، — مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھىلىقى تۇتۇۋالغان خوتۇنـنى
ئېسىلزادىلەردەك ھورمەتلەپتۇ، كېيىن قويۇپ بېرىپتۇ.

— ھە، ھەق تولەپتۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، نىملا بولمىسۇن، مەرتلىك قىپتۇ.

كىنەزنىڭ بۇ سوزلىرى ھاجى مۇرات توغرىلىق كېيىن بولىـ-
ندىغان گەپلەرگە ئۇلگە كورسىتىپ بەردى. ساراي ئەھلـلىرى
ھاجى مۇرات قانچە كوپتۇرۇپ سوزلەنسە ۋوروونتسوۋنىڭ شۇنچە
خوشال بولىدىغانلىغىنى چۈشەندى.

— ئۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك باتۇر، كارامەت ئادەم
ئىكەن جۇمۇ.

— دەرۋەقە شۇنـداق، ئۇ 1849 - يىـلى كۈپ - كۈنـدۇزدىـلا
تومۇرخـان شوراغا كـىرىـپ، دۇكان قويـماي بۇلاپ قۇرۇتۇپ
قويغان.

شىرەنىڭ بىر چېتىدە ئولـتۇرغان، شۇ چاغـلاردا تومۇرخـان
شورادا بولغان بىر ئەرمەن ھاجى مۇراتنىڭ بۇ قەھرىمانلىقلىرى
توغرىلىق يېپيېڭى يىڭنىسىگىچە سوزلەپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغىچە ھاجى مۇرات ئۇسـ-
تىدە سوز بولدى. ھاجى مۇراتنىڭ باتۇرلۇغـى، زىرەكلىـگى ۋە
مەرتلـىگىنى ھەممىـسى بەس - بەس بىلەن ماختـىدى. كىمـدۇ
بىرسى ئۇنىڭ يىگىرمە ئالتە ئەسىرنى ئولتۇرۇشكە بۇيرۇغانلىغى

توغرىلىق سوزلۆيدى؛ بۇ ئاددىغىنا بىر جۈملە سوز ئۇستىدىمۇ تالاش ـ تارتىش بولدى.

ــ نىمە چارە! A la guerre comme â la guerre.①

ــ ئۇ كاتتا ئادەم.

ــ ئەگەر ئۇ ياۋروپادا تۇغۇلغان بولسا، ئىككىنچى ناپالېون بولاتتى، ــ دەپ قويدى ئەخمەق ۋە خوشامەتچى گىرۇزىن كىنەزى. ئۇ ناپالېون ئىغىزغا ئىلىنسا، ناپالېوننى يېڭىشكە قاتنىشىپ كىرىست بەلگىلىك كۈمۈش ئوردىن ئالغان ۋورونتسوۋنىڭ خوشال بولىدىغانلىغىنى بىلەتتى.

ــ ناپالېون بولمىغاندىمۇ، چەبدەس ئاتلىق ئەسكەر گېنېرالى بولاتتى، ــ دىدى ۋورونتسوۋ.

ــ ناپالېون بولمىسىمۇ مۇرات② بولاتتى.

ــ شۇڭا ئۇنىڭ ئىتىمۇ ھاجى مۇراتقۇ.

ــ ھاجى مۇراتتىن ئايرىلغان شامىلمۇ ئەمدى تۈگىشىدۇ، ــ دىدى بىرسى.

ئۇلار ئەمدى (بۇ «ئەمدى» ۋورونتسوۋ بار چاغدا دىگەن مەنىسىنى بىلدۈرەتتى) بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىغىنى ئوزلىرىمۇ

① فرانسۇزچە: «ئۇرۇش ئۇرۇشچە بولىدۇ ـ دە.»

② مۇرات (1767 ــ 1815) فرانسىيە مارشالى، ناپالېوننىڭ ئاساسلىق سەركەردىسى.

سېزەر، — دېدى يەنە بىرسى.

— Tout cela est grâee à vous,① — دېدى مانانا ئوربېلىيانى.

كىنەز ۋورونتسوۋ ئۇزىگە قىلىنىۋاتقان بۇ خۇشامەتچىلىكنى توسۇشقا تىرىشىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ھوزۇرلىناتتى. خانىمنى قولتۇقلاپ مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ كوڭلى ئىنتايىن خوش ئىدى.

تاماقتىن كېيىن مېھمانخانىدا مېھمانلار قەھۋە ئىچىۋاتقاندا، كىنەز ھەممەيلەنگە قالتىس يېقىنچىلىق قىلدى، قىلتىرىق بۇرۇت- لۇق گېنېرالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇزىنى ئۇنىڭ خىجالەتچىلىكتە قالغانلىقىنى تۇيمىغاندەك قىلىپ كورسىتىشكە تىرىشتى.

كىنەز مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايلىنىپ چىقىپ، قەرت ئويناشقا ئولتۇردى. ئۇ قەدىمقى قەرت لومبېرنىلا ئويناييتتى. لومبېر ئويۇنىنى ئۇ گىروۇزىن كىنەزى ۋە لومبېر ئويناشنى كىنەزنىڭ خىزمەتچىسىدىن ئۇگەنگەن ئەرمەن گېنېرال ھەم ئۇزىنىڭ مەرتىۋىسى بىلەن تونۇلغان دوختۇر ئاندرېيېۋىسكى بىلەن بىللە ئوينىدى.

ۋورونتسوۋ ئۇستىگە ئالېكساندىر I نىڭ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاماكا قۇتىسىنى ئۇزىنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئەتلەس قەرتنى

---

① فرانسۇزچە: "بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن–دە."

يېيىپ تارقىتىشقا باشلىغاندا، كىنەزنىڭ ئىتالىيان خىزمەتچىسى دژۇۋانى بىر پارچە خەتنى كۈمۈش پەتنۇسقا سېلىپ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ھورمەتلىك جاناپلىرى، يەنە ئەلچى كەلدى.

ۋورونتسوۋ قەرتىنى قويۇپ ئەپۇ سوراپ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

خەت ئوغلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ خەتتە ھاجى مۇراتنىڭ قانداق كەلگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ مېللېر زاكومېلىسكى بىلەن قانداق تەگىشىپ قالغانلىقىنى يازغان ئىدى. كىنەز خانىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئوغلىنىڭ نېمىلەرنى يازغانلىقىنى سورىدى.

— يەنە ھېلىقى ئىش... Il a eu quelque désagréments arec le commandant de la place. Simon a eu tort.① But all is well what ends well② —،

شۇنداق دېدى-دە، ۋورونتسوۋ خەتنى خوتۇنىغا بەردى ۋە ھورمەت بىلەن ساقلاپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇپ، ئۇلارنى قەرت ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

ۋورونتسوۋ بىر قېتىم تارقىتىپ بولۇپ، تاماكا قۇتىسىنى

---

① فرانسۇزچە: "ئۇنىڭ بىلەن قورغان قوماندانى ئوتتۇرىسىدا كوڭۇلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇ سىموندىن ئۆتۈپتۇ."

② ئېنگلىزچە: "ياخشىلىقچە پۈتۈشۈپتۇ، ھەممە ئىش جايىدا بوپتۇ."

ئاچتى ھەم كەيىپى چاغ ۋاقىتىدا قىلىدىغان ئىشىنى قىلدى: قېرىلىقتىن تېرىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ئاپپاق قوللىرى بىلەن بىر چىمدىم فرانسۇز تاماكىسىنى بۇرنىغا تۇتۇپ پۇرىدى.

## 10

ئەتىسى ھاجى مۇرات ۋورونتسوۋ بىلەن كورۇشكىلى كەلگەندە، كىنەزنىڭ مېھمانخانىسى ئادەم بىلەن تولغان ئىدى، بۇ يەردە خوشلىششقا كەلگەن، تولۇق ھەربىچە كىينىگەن ۋە كوكرىگى ئوردىن بىلەن تولغان تۇنۇگۇنكى قىلتىرىق بۇرۇتلۇق گېنېرالمۇ بار ئىدى؛ تۇەنىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈگىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ كەتكەنلىگى ئۇچۇن ئەيىپلىنىشى مۇمكىن بولغان بىر تۇەنجاڭمۇ بار ئىدى؛ دوختۇر ئاندىرېيېۋسكىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن، ھاراق سودىسىنى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن، ھازىر يېڭىۋاشتىن توختام تۈزۈشكە كەلگەن باي ئەرمەن سودىگەرمۇ، ئۇرۇشتا قازا تاپقان بىر ئەپىتسەرنىڭ نەپىقە پېرىشنى ياكى بالا-چاقىلىرىغا ئوقۇش راسخودى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋە قاپقارا كىيىم كىيگەن خوتۇنمۇ بار ئىدى؛ گىروزىنچە چىرايلىق كىينىگەن، تاشلىنىپ قالغان بىر ئىبادەتخانىنىڭ ۋەخپىسىنى ئوتكۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن

سۈنغان گىروزىن كىنەزى ھەم كاپكازنى ئېلىشنىڭ يېڭى لايىھە ھوججەتلىرىنى كوتىرىپ كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارىسىمۇ بار ئىدى؛ يەنە ئۆيىگە قايتقاندا، كىنەزنى كوردۇم دەپ ماختىنىشنى ئويلىغان بىر خانىمۇ بار ئىدى.

ئوز نوۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنى كېلىشكەن، سىپرىق چاچلىق بىر ياش فۇگۇەن نوۋىتى بويىچە كىنەزنىڭ بولمىسىگە كىرگۈزۈپ تۇراتتى.

ھاجى مۇرات سەل ئاقسىغان مەزمۇت قەدەم بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ھەممە كوزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ بۇلۇڭ-بۇلۇڭدىن ئوزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتقان پىچىرلاشلارنى ئاڭلىدى.

ھاجى مۇرات ياقىسىغا كۇمۇش يىپتىن كەشتە تىكىلگەن جىگەررەڭ پەشمەتنىڭ ئۇستىدىن ئۇزۇن ئاق چېركەسكە كىيگەن ئىدى. ئۇ پۇتىغا قونچى قارا، تاپىنىغىچە پەلەيدەك شىپپىدە كەلگەن پوپۇش، تاقىر بېشىغا سەللە ئورالغان پاپاخ كىيگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ سەللە ئۇچۇن، ئەخمەتخاننىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن گېنېرال كلۇگىنائۇ① تەرىپىدىن قولغا چۇشكەن، مۇشۇ سەللە تۇپەيلىدىن ئۇ شامىلغا ئەل بولغان ئىدى. ھاجى مۇرات

---

① كلۇگىنائۇ (1791 — 1851) كاپكاز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى. ئۇ رۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ داغىستانغا تاجاۋۇز قىلغان، دارگىن يۇرۇشىنىڭ ئىشتىراكچىسى.

مېھمانخانىدا ئىتتىك مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىر پۇتى سەل قىسـ-قىراق بولغاچقا، ماڭغانىدا سەل ئاقسايتتى. ئۇنىڭ يوغان كوزلىرى مېھمانخانىدا ھېچكىمنى كورمىگەندەك بىخارامەن ئالدىغا قارايتتى.

ھىلىقى كېلىشكەن فوگوۋەن ھاجى مۇرات بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئوزى كىنەزگە دوكلات قىلغىلى ماڭدى. ھاجى مۇراتنىڭ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. بىر قولى بىلەن خەنجىرىنى تۇتۇپ، بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بۇ يەردىكىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، ئورە تۇردى.

تەرجىمان تارخانوۋ كىنەز ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ گەپ سورىدى. ھاجى مۇرات خوشياقمىغاندەك قىسقا-قىسقىلا جاۋاپ قايتۇردى. بولمىدى ساقچى باشلىقى ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەن قۇمىق كىنەزى چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن فوگوۋەن ھاجى مۇراتنى چاقىردى.

ۋورونتسوۋ ھاجى مۇراتنى ئۇستەلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۇتۇ-ۋالدى. بۇ باش قوماندانىنىڭ قېرىلىقتىن ئاقارغان يۇزلىرى تۇنۇگۇنكىدەك كۇلۇمسىرىمەيتتى، بەلكى جىددى، سۇرلۇك كورۇنەتتى.

ھاجى مۇرات بۇ ئازادە، كەڭ دەرىزىلىرى يېشىل ياغاچ سالاسۇنلار بىلەن قاپلانغان، تازىمۇ يوغان بىر ئۇستەل قويۇلغان ئويگە كىرىپلا ئاپتاپتا قارىيىپ كەتكەن كىچىك قوللىرىنى

چىركەسكىسىنىڭ ياقىسى قوشۇلغان جايغا قويۇپ، تارتىنماستىن،
ئېھتىرام بىلەن تووەن قاراپ تۇرۇپ، چىرايلىق قۇمۇسۇق شىۋۇ-
سىدا ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ سوزلىدى:
— مەن ئوزەمنى ئۇلۇغ پادىشايىمنىڭ ۋە سىزنىڭ قۇدرەتلىك
ھىمايىڭىزگە تاپشۇرىمەن. ئاق پادىشاغا سادىقلىق بىلەن ئومۇز
بويى خىزمەت قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن. مېنىڭ دۇشمىنىم ھەم
سىزنىڭ دۇشمىنىڭىز بولغان شامىلغا قارشى جەڭگە ياردىمىم
تېگىشىنى ئۇمىت قىلىمەن.
ۋورونتسوۋ تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ،
ھاجى مۇراتقا قارىدى، ھاجى مۇراتمۇ ۋورونتسوۋنىڭ
يۈزىگە تىكىلدى.
ئىككىيلەنىڭ كوزلىرى ئۇچراشقاندا، ئۇلار سوز بىلەن
ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، تەرجىمانمۇ ئېيتمىغان نۇرغۇن گەپ-
لەرنى قىلىشقاندەك بولدى. ئۇلار سوز-ئىبارىسىزلا بىر بىرىگە
توغرىدىن-توغرا ھەممە ھەقىقەتنى ئېيتىۋاتقاندەك ئىدى:
ۋورونتسوۋنىڭ كوزلىرىدىن ھاجى مۇراتنىڭ سوزىنىڭ بىرسىگىمۇ
ئىشەنمەيدىغانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھاجى مۇراتنىڭ پۈتۈن
رۇسلارنىڭ دۇشمىنى ئىكەنلىگىنى، ھازىر ئەل بولغان بولسىمۇ،
مەڭگۈ پەيلىدىن يانمايدىغانلىغىنى، ئىلاجىسىز مۇشۇنداق
قىلىۋاتقانلىغىنى بىلەتتى. ھاجى مۇراتمۇ بۇنى سەزدى، شۇنداق
بولسىمۇ ئوزىنىڭ ساداقىتىگە ئىشەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. ھاجى
مۇراتنىڭ كوزلىرىدىن: بۇ قېرى بۇرۇش توغرىسىلىق ئەمەس،

ئۇلۇمىنى ئويلاۋاتىدۇ، لېكىن ئۇنى قېرى چاغلىماسلىق، ئۇنىڭ ئىنتايىن ھىلىگەر ئىكەنلىگىنى بىلىش، شۇڭا پەخەس بولۇش لازىم دەۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇراتتى. ۋورونتسوۋمۇ بۇنى سەزدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ھاجى مۇراتقا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۇچۇن كېرەك دەپ سانىغان سوزلىرىنى ئېيتتى.

— سەن ئۇنىڭغا ئېيت، — دېدى ۋورونتسوۋ تەرجىمانغا (ئۇ ياش ئەپىتسەرلەرگە سەن دەپ سوزلەيتتى)، — بىزنىڭ پادىشايىمىز رەھىمدىل ھەم قۇدرەتلىك. پادىشا مېنىڭ تىلىۋىلىشىم بىلەن ئۇنى كەچۇرۇپ، پاناھىغا ئالار، دەپ ئويلايمەن. — ئۇ ھاجى مۇراتقا قاراپ قويۇپ تەرجىماندىن سورىدى: — بۇنى ئېيتتىڭمۇ؟ مەن پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانىنى ئالغۇچە، ئۇنى كۇتۇشنى ئۇستۇمگە ئالىمەن، ئۇ بۇ يەردە خوشال-خورام ئوتىدۇ، بۇنىمۇ ئېيتىپ قوي.

ھاجى مۇرات يەنە بىر قېتىم قولىنى كوكسىگە ئېلىپ، جانلىنىپ سوزلەشكە باشلىدى.

تەرجىمان ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئورۇپ بەردى: — مەن بۇرۇن 1839-يىلى ئاۋارىيىدە ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاقتىمدا، رۇسلارغا ھالال خىزمەت قىلدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ دۇشمىنىم ئەخمەتخان ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ، گېنېرال كلۇگىنائۇ ئالدىدا ماڭا قارا چاپلىدى، بولمىسا مەن ھېچقاچان يۈز ئورىمىگەن بولاتتىم.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى ۋورونتسوۋ (ئۇ بۇنى بىلسىمۇ، ئاللىقاچان ئۇنىتۇپ كەتكەن ئىدى)، — بىلىمەن، — ئۇ

تام تۇۋىدە تۇرغان يولەنچۈكسىز سافادىن ھاجى مۇراتقا ئورۇن كورسىتىپ، ئۆزى ئورنىدا ئولتۇردى. بىراق ھاجى مۇرات ئولتۇرمىدى. ئۇ مەزمۇت بەستىنى رۇسلاپ، بۇنداق كاتتا ئادەم ئالدىدا ئولتۇرسا بولمايدىغانلىغىنى بىلدۈردى.

— مەيلى ئەخمەتخان ياكى شامىل بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىلا مېنىڭ دۈشمىنىم، — دىدى ئۇ تەرجىمانغا قاراپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كىنەزگە ئېيتقىن، ئەخمەتخان ئولدى، مەن ئۇنىڭدىن ئوچۇمنى ئالالمىدىم، لېكىن شامىل تېخى ھايات. ئۇنىڭدىن ئوچۇمنى ئالمىسام، ئولسەممۇ كوزۇم ئوچۇق كېتىدۇ. — ئۇ بۇ سوزلەرنى قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، ئاستى كالپۇگىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئېيتتى.

ۋورونتسوۋ تەمكىنلىك بىلەن:

— شۇنداق، شۇنداق، — دىدى ۋە تەرجىمانغا قاراپ ئېيتتى: — ئۇ شامىلدىن قانداق قىلىپ ئوچ ئالىدىكەن؟ ئۇنىڭغا ئېيت، ئولتۇرسۇن.

ھاجى مۇرات يەنە ئولتۇرمىدى. ئۇ تەرجىمان ئارقىلىق بېرىلگەن سوئالغا ئوزىنىڭ ئەل بولۇشى رۇسلارنىڭ شامىلنى يوقىتىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ جاۋاپ بەردى.

— ياخشى، ياخشى، — دىدى ۋورونتسوۋ، — ئەمدى ئۇ قانداق قىلماقچىكەن؟ ئولتۇر، ئولتۇر...

ھاجى مۇرات ئولتۇردى ۋە ئەگەر ئوزىگە ئەسكەر بېرىپ،

لېزگىن تەرەپكە ئەۋەتسە، ئۇزىنىڭ پۈتۈن داغىستاننى قوزغاشقا هودده قىلىدىغانلىقىنى، شامىلنىڭ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ياخشى، بۇ بولىدۇ، مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى ۋورونتسوۋ.

تەرجىمان هاجى مۇراتقا ۋورونتسوۋنىڭ سوزلىرىنى ئېيتتى. هاجى مۇرات ئويغا چومدى.

— قوماندانغا ئېيتقىن، — دېدى ئۇ باشقىدىن ئېغىز ئېچىپ، — مېنىڭ ئائىلەم تېخىچە دۇشمىنىمنىڭ قولىدا؛ ئۇلار تاغدا قالىدىغان بولسا، مىنىڭ پۇت-قولۇم باغلىنىپ قالىدۇ، ساداقىتىمنى كورسىتەلمەي قالىمەن. ئەگەر مەن توغرىدىن-توغرا ئۇنىڭغا تەگسەم، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنى، ئانامنى ۋە بالىلىرىمنى ئولتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر كىنەز ئەسىرلەرگە تېگىشىش يولى بىلەن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالسا، ئۇ چاغدا مەن يا ئولىمەن، يا شامىلنى يوق قىلىمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بىز بۇ ئىشنى ئويلاپ كورەيلى، هازىر ئۇ سەنمۇجاگىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇزىنىڭ ئەهۋالىنى، پىلانى ۋە ئارزۇسىنى بىر-بىرلەپ ئۇنىڭغا ئېيتسۇن، — دېدى ۋورونتسوۋ.

هاجى مۇراتىنىڭ ۋورونتسوۋ بىلەن تۇنجى قېتىم كورۇشۇشى ئاشۇنداق ئاياقلاشتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى شەرقچە ياسالغان يېڭى بىر تىياتىرخانىدا ئىتالىيە ئوپېراسى قويۇلۇۋاتاتتى. ۋورونتسوۋ ئۇزىنىڭ لوژىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراتتى. زالدا سەللە ئورىۋالغان، ئاقساق ھاجى مۇراتنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلغان تۇرقى كورۇەدى. ئۇ ئورنىغا قوشۇپ قويۇلغان ۋورونتسوۋنىڭ قوگۇەنى لورىس مېلىكوۋ[1] بىلەن بىللە كىرىپ، بىرىنچى رەتتە ئولتۇردى. ھاجى مۇرات شەرق مۇسۇلمانلىرىغا خاس غۇرۇر بىلەن ئوزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى چاندۇرماي، ۋە چىرايىنىمۇ ئوزگەرتمەي ئولتۇرۇپ، بىرىنچى پەردە تۇگىگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە تاماشىبىنلارغا بىمالال كوز يۇگۇرتۇپ، ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە تارتىپ، زالدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى دۇشەنبە ئىدى، بۇ كۇنى ۋورونتسوۋ ئائىلىسىدە ئادەتتىكىچە بەزمە ئوتكۇزدى. ئازادە زالدا شام چىراقلار چاقنايتتى. سازاندىلەر قىشلىق باغ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ھالدا ساز چالاتتى. كوكسى، بوينى ۋە بىلەكلىرىنى ئوچۇق قالدۇرۇپ كوينەك كىيگەن چوكانلار بىلەن جۇۋانلار پار-پۇر ھەربى كىيىم كىيگەن ئەرلەرنىڭ قۇچاقلىرىدا ئايلىناتتى. ناھايىتى يوغان بىر بۇفىت ئەتراپىدا قىزىل فراك، ئۇزۇن پايپاق ھەم پوپۇش كىيگەن ئوي خىزمەتچىلىرى شاراپ قويۇلغان رۇمكىلار ۋە

---

[1] لورىس مېلىكوۋ (1825 — 1888)، نىكولاي I نىڭ كاپكازدىكى باش ۋالىسىنىڭ قوگۇەنى، كېيىن خاركوۋ ئولكىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ ئالىكساندىر II نىڭ كېيىنكى دەۋرىدە، دولەتنىڭ ئەمىلى ئىستىبداتى بولۇپ قالغان. ئالىكساندىر III نىڭ ۋاقتىدا خىزمىتى چۇشۇرۇلگەن.

كەمپىتلەرنى خانىملارغا سۇناتتى. قوماندانىنىڭ خوتۇنىمۇ ياشنىپ قالغانلىقىغا قارىماي يېرىم يالىڭاچ هالدا خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، مېهمانلار ئارىسىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى؛ ئۇ تۇنۇگۈنكى تىياتىردىكىدەكلا تەمكىن قىياپەتتە مېهمانلارغا كوز يۈگۈرتۈپ ئولتۇرغان هاجى مۇراتقا تەرجىمان ئارقىلىق بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە يېرىم يالىڭاچ ئايال كۈلۈشۈپ هاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇيالماستىن، كورۈۋاتقانلىرىنىڭ ياقتىن-ياقمىغانلىقىنى سوراشتى. ئالتۇن پاگون ۋە چۇچا تاقىغان، بويىنىغا كۈمۈش كىرىست ۋە پوپۇك ئاسقان ۋورونتسوۋ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇ كورگەنلىرىنىڭ هەممىسىنى ياقتۇردىمۇ دەپ ئىشىنىپ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ھىلىقى سوئالنى سورىدى. هاجى مۇرات باشقىلارغا جاۋاپ بەرگەندەكلا، ۋورونتسوۋغىمۇ بىزدە ئۇنداق نىمىلەر يوق دەپ جاۋاپ بەردى، ئەمما بۇنداق نىملەر ياخشىمۇ، يامانمۇ، بۇ هەقتە بىرنىمە دىمىدى.

هاجى مۇرات ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىشى توغرىلىق ۋورونتسوۋ بىلەن هەتتا مەشەدە، تانسىدىلا سوزلەشمەكچى بولۇۋىدى، ۋورونتسوۋ ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ كېتىپ قالدى. كەيىندىن لورىس مېلىكوۋ بۇ يەردە ئىش توغرىلىق سوزلىشىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سائەت 11 گە بەلگە بەرگەندە، هاجى مۇرات مارىيە

ۋاسىلىيېۋنا ھەددىيە قىلغان سائەتنى توغرىلىدى ـ دە، لورىس مېلىكوۋدىن كەتسەم بولامدۇ دەپ سورىدى. لورىس مېلىكوۋ كەتسىڭىز بولىدۇ، لېكىن كەتمىگىنىڭىز تۈزۈك، دېدى. شۇنداق بولسىمۇ ھاجى مۇرات چىقىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن مەيگە چۈشۈپ، ئۆزىگە تۇرۇشقا بېرىلگەن ھوجرىغا يېنىپ كەلدى.

# 11

ھاجى مۇرات تىفلىسقا كېلىپ بەشىنچى كۈنى باش ۋالىنىڭ فوگوەنى لورىس مېلىكوۋ باش قوماندانىنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— باش قوماندانغا جان ـ تېنىم بىلەن خوشال ـ خورام خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى ھاجى مۇرات ئادەتلەنگەن دىپلوماتچە ئىپادە بىلەن ۋە بېشىنى ئېگىپ، قولىنى كوكسىگە ئالدى، ئاندىن لورىس مېلىكوۋنىڭ كوزلىرىگە يېقىملىققىنا قاراپ، — يول كورسەتكىن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

لورىس مېلىكوۋ شىرەنىڭ يېنىدا تۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، ئىككى جەينىكىنى تىزىغا قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، لورىس مېلى-

كوۋنىڭ سوزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. تاتارچىنى سۇدەك بىلىدىغان لورىس مىلىكوۋ گەرچە كىنەز ھاجى مۇراتنىڭ ئوتمۇشىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوز ئاغزىدىن پۇتۇن تارىخىنى بىلىشنى خالايدىغانلىغىنى ئېيتتى.

—سەن ماڭا سوزلەپ بەر، —دىدى لورىس مىلىكوۋ، —مەن يېزىۋېلىپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىمەن، ئاندىن كېيىن كىنەز ئۇنى پادىشاغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ھاجى مۇرات ئۇنچۇقمىدى (ئۇ ھېچقاچان كىشىنىڭ سوزىنى بولمەيتتى، بەلكى يەنە نىمە دەيدىكىن دەپ كۇتۇپ تۇراتتى)، بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كوتىرىپ، پاپىغىنى كەينىگە سۇردى-دە، مارىيە ۋاسىلىيېۋنانى مەپتۇن قىلغان ئالاھىدە، باللارچە كۇلۇمسىرىشى بىلەن كۇلۇمسىرىدى، ئۇ ئوزىنىڭ تارىخىنى پادىشانىڭ ئوقۇيدىغانلىغىنى ئويلاپ، بۇنى ناھايىتى شەرەپ بىلىپ:

—بۇ، مۇمكىن، —دىدى.

—سەن (تاتارلاردا "سىز" دېيىلمەيدۇ) ماڭا باشتىن تارتىپ ھەممىنى تولۇق سوزلەپ بەر، ئالدىراپ كەتمە، —لورىس مىلىكوۋ شۇنداق دەپ يانچۇغىدىن دەپتىرىنى ئالدى.

—بۇ، مۇمكىن، بىراق بەك جىق، سوزلىسەم ناھايىتى كوپ. نۇرغۇن ئىشلار بار، —دىدى ھاجى مۇرات.

—بۇگۇن تۇگىمىسە ئەتە يەنە سوزلە، —دىدى لورىس مىلىكوۋ.

www.uyghurkitap.com

— باشتىن سۆزلەمدىمەن؟

— ھەئە، ئەڭ باشتىن: نەدە تۇغۇلۇپ، نەدە ئۆسكەنلىكىڭ-دىن باشلاپ سۆزلە.

ھاجى مۇرات بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن، سافانىڭ يېنىدا تۇرغان تاياقنى ئالدى، ئاندىن خەنجە-رىنىڭ ئاستىدىن پىل چىشىدىن ساپلىنىپ ئالتۇن بىلەن پەدەز-لەنگەن ئۈستۈرىدەك ئۆتكۈر كىچىككىنە پىچىغىنى ئېلىپ، تاياقنى يونۇپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە كىرىشتى.

— ياز، — دىدى ئۇ سۆزىنى باشلاپ، — مەن سېلمېستە تۇغۇلدۇم. تاغلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چوڭلۇغى ئېشەكنىڭ بېشىدەك بار كىچىككىنە يېزا ئىدى. بۇ يېزىدىن سەل نېرىدا، ئىككى پاي ئوق يەتكۈدەك بىراقلىقتا جايلاشقان خۇنزاختا① خانلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئائىلىمىز ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئاپام ئابۇنۇسايىخاننى ئېمىتىپ چوڭ قىلغانلىغى ئۈچۈن بىز ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىپ قالغان ئىدۇق. خاننىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى: ئابۇنۇسايىخان — ئاكام ئوسمان بىلەن، ئۇممەخان مەن بىلەن ئىمىگداش ئىدى، بۇلاچخان ئەڭ كەنجىسى بولۇپ، شامىل يار ئۈستىدىن تاشلىۋەتكەن ئاشۇ ئىدى. بۇ كېيىنكى ئىش. مەن ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى ھەرقايسى كەنتلەردە مۇ-رىتلار پەيدا بولدى. ئۇلار ياغاچ خەنجەرلىرى بىلەن تاشلارنى

① خۇنزاخ — ئاۋارىيىنىڭ مەركىزىي شەھىرى.

چىقىپ، "مۇسۇلمانلار غازاتقا ئاتلىنىڭلار!" دەپ ۋاقىرىشاتتى. چېچەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇرىتلار تەرەپكە ئۆتتى ھەم ئاۋارىلارمۇ ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن ئۇ چاغلاردا خان سارىيىدا تۇراتتىم. مەن خاننىڭ تۇققانلىرىغا ئوخشاش، نىمىنى خالىسام شۇنى قىلاتتىم، ئاستا-ئاستا بېيىدىم. ئاتلارغا، قورال-جابدۇقلارغا، پۇلغا ئىگە بولدۇم. بىخارامان ياشايتتىم، ھېچنىمە-دىن غېمىم يوق ئىدى. قازى موللا① ئولتۇرۇلۇپ، غامزات② ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغىچە ئاشۇنداق ئۆتتۇم. غامزات خانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلار غازاتقا قاتناشمىسا، خۇنزاخنى كۆمپەي-كۆم قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئويدانىراق ئويلىماي بولمايتتى. خانلار رۇسلاردىن قورقاتتى، غازاتقا قاتنىشىشتىنمۇ قورقاتتى. شۇڭا خانىچە مېنى ئوز ىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۇممەخان بىلەن بىللە رۇسلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن غامزاتقا قارشى ياردەم سوراش ئۈچۈن تىفلىسقا ئەۋەتتى. كاتتىۋاش دىگىنىمىز روزېن بارون ئىدى. ئۇ مېنىمۇ، ئۇممەخاننىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىيۇ، ھېچ ئىش قىلمىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئەپىتسەرلىرى يېنىمىزغا كېلىپ، ئۇممەخان بىلەن قەرت ئوينىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكۈزۈپ،

---

① قازى موللا (1785 — 1832) يەنى ھاجى مۇھەممەت، ئۇ چېچېن، داغىستان رايونلىرىدىكى ئىسلام دىنى ئۆلىماسى، شامىلنىڭ ئۇستازى.
② غامزات (1789 — 1834) يەنى غامزاتبەگ، قازى موللىنىڭ ۋارىسى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنى يامان يەرلەرگە باشلاپ باردى. ئۇ بۇلار بىلەن قەرت ئويناپ، ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇلارغا ئۇتتۇرۇپ قويىدى. ئۇ ئوكۇزدەك كۈچلۈك، يولۋاستەك باتۇر بولسىمۇ، ئۇزى بوش ئىدى. ئەگەر مەن ئۇنى ئىلىپ كەتمىگەن بولسام، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېتى بىلەن قورال-ياراقلىرىدىنمۇ قۇرۇق قالغان بولاتتى. تىفلىستىن قايتقاندىن كېيىن، مېنىڭ پىكرىم ئۆزگەردى. مەن خانچىنى ھەم ياش خانلارنى غازاتقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدىم.

— نىمىشقا پىكرىڭ ئۆزگەردى؟ رۇسلار ياقماي قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ.

ھاجى مۇرات بىر دەم جىم بولۇپ قېلىپ:

— شۇنداق، ياقمىدى، يەنە بىر ئىش مېنى غازاتقا قاتنىشىشقا مەجبۇر قىلدى، — دېدى كوزلىرىنى يۇمۇپ كەسكىن تۇردە.

— قايسى ئىش؟

— سېلمېسنىڭ يېنىدا مەن بىلەن خان ئىككىمىز ئۈچ مۇرىتقا ئۇچراپ قالدۇق، ئىككىسى قېچىپ كەتتى، ئۈچىنچىسىنى مەن تاپانچە بىلەن ئېتىپ ئولتۇردۇم. مەن ئۇنىڭ قورالىنى ئېلىش ئۈچۈن قېشىغا بارغىنىمدا، ئۇ تېخى تىرىك ئىكەن. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، ”سەن مېنى ئېتىپ ئولتۇردۇڭ. بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بولدى. سەن ياش، قاۋۇل مۇسۇلمان ئىكەنسەن. غازاتقا قاتناش، ئاللانىڭ ئەمرى“ دېدى.

— قانداق قىلدىڭ، قاتناشتىڭمۇ؟

— قاتناشمىدىم، بىراق كوڭلۇمگە بىر ئوي كىرىۋالدى، — دىدى-دە، سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— غامزات خۇنزاخقا كەلگەندە، بىز ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېرىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، بىز غازاتقا قاتنىششقا ماقۇل بولدۇق، ئەمما ئۇ قانداق غازات قىلىشنىڭ يولىنى ئۇگىتىشكە بىزگە بىر ئالىم كىشى ئەۋەتسۇن، دىدۇق. غامزات قېرىلارنىڭ بۇرۇتلىرىنى چۇشۇرۇپ، بۇرۇنلىرىنى تېشىپ، بۇرۇنلىرىغا توقاچ ئېسىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ. قېرىلار يېنىپ كېلىپ، غامزات بىزگە غازات قىلىشنى ئۇگىتىشكە ئادەم ئەۋەتىدىغان بولدى، ئەمما بۇ يەرگە خانچە كىچىك ئوغلىنى ئامانەتكە ئەۋەتسۇن دەيدۇ، دىيىشتى. خانچە بۇنىڭغا ئىشىنىپ، بۇلاچخاننى غامزاتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. غامزات بۇلاچخاننىڭ ناھايىتى ياخشى خېرىدارلىغىنى قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنىمۇ بۇ يەرگە كەلسۇن دەپ بىزگە كىشى ئەۋەتتى. ئۇ بىزگە: ئاتام خانلارنىڭ ئاتىسىغا قانداق خىزمەت قىلغان بولسا، مەنىمۇ بۇلارغا شۇنداق خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، دىدى. خانچە باشقا خوجايىن خوتۇنلارغا ئوخشاش ئاجىز، دىۋەڭ، قارام خوتۇن ئىدى. ئۇ ئىككىلا ئوغلىنى ئەۋەتىشتىن قورقۇپ، ئۇممەخاننىلا ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم. مۇرىتلار بىر چاقىرىم يەرگە ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزنى ئارىغا ئېلىپ ناخشا ئېيتىپ، مىلتىق ئېتىپ، ئات ئوينىتىپ كۇتۇۋالدى. بىز يېتىپ

بېرىشىمىزغا غامزات چېدىردىن چىقىپ، ئۆممەخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئۆزەڭگىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى خاننى كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋالدى ھەم: "مەن ئائىلەڭلەرگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىم، بەلكى قىلىشنىمۇ خالىمايمەن. سىلەردىن ئۈمىت قىلىدىغىنىم، مېنى باپلىماڭلار، كىشىلەرنى غازاتقا دالالەت قىلىشىمغا كاشىلا بولماڭلار. دادام سىلەرگە قانداق خىزمەت قىلغان بولسا، مەنمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرىم بىلەن سىلەرگە خىزمەت قىلىمەن. ماڭا ئۆزەڭلارنىڭ سارىيىدا تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىڭلار. مەن سىلەرگە ئىخلاس بىلەن ياردەم قىلىمەن. سىلەر بولساڭلار ئۆزەڭلارنىڭ خالىغان ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىسىلەر" دېدى. ئۆممەخان ئىككى ئېغىز گەپنى ئۇلاپ قىلالمايتتى، شۇڭا نېمە دېيىشنى بىلمەي جىم تۇردى. مەن سۆز ئېلىپ، ئەگەر بۇنداق بولسا، غامزات ئۆزى خۇنزاخقا بارسۇن، خانچە ۋە خان ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، دېدىم. لېكىن سۆزۈم تۈگىمەيلا، بۇ يەردە شامىل بىلەن بىرىنچى قېتىم غىژىلدىشىپ قالدىم. ئۇ شۇ چاغدا ئىمامنىڭ قېشىدا تۇراتتى. "سەندىن سوراۋاتقىنى يوق، خاندىن سوراۋاتىدۇ" دېدى ئۇ ماڭا. مەن گەپ قىلمىدىم، غامزات ئۆممەخاننى چېدىرغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئارقىدىن مېنى چاقىرىپ، ماڭا ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن خۇنزاخقا بېرىشنى ئېيتتى. مەن باردىم. ئەلچىلەر خانچىغا چوڭ ئوغلىنىمۇ غامزاتنىڭ قېشىغا ئەۋەتىشكە دەۋەت قىلدى. مەن بۇنىڭ ئاسىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، خانچىغا ئوغلىنى

ئەۋەتمەسلىكنى ئېيتتىم. لېكىن خوتۇن خەقـىنىڭ ئەقلى شۇنچە-لىككىن-دە. خانچە ئۇلارغا ئىشىنىپ، چوڭ ئوغلىنىـمۇ بىرىشقا بۇيرۇدى. ئابۇنۇسايخـان بىرىشـنى خالىمـدى. شۇڭا ئانـسى ئۇنىڭـغا: «سەن قورقۇۋاتسەنغۇ دەيـمەن» دىدى. ئۇ، خۇددى ھەرىدەك، ئۇنىڭ قەيىرىنى چاقسا ئاغرىيدىغانلىغىنى بىلەتـتى. ئابۇنۇسايـخان سەپرايى ئورلەپ، لام-جىم دىمەسـتىن، ئېتىنى جابدۇشـقا بۇيرۇدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم. غامزات بىزنى ئۇممەخاننى قارشى ئالغان چاغدىكىدىنـمۇ ئارتۇق ھەشە-مەت بىلەن قارشى ئالـدى. ئۇ بىزنى قارشى ئالغـلى ئىككى چاقىرىمـچە يەرگە ئالدىـمىزغا چىقـتى، ئۇنىڭ كەينىدە ئەلەم كوتىرىشكەن ئاتلىق ئەسكەرلەر بار ئىدى. ئۇلار «لائىلاھە ئىل-لەلـلاھۇ»نى ئوقۇپ، مىلتـىق ئېتىشـىپ، ئات ئويـنىتىشاتـتى. بىز لاگىرغا كەلگەندە، غامزات ئابۇنۇسايخاننى چېدىرغا باشلاپ ئەكىرىپ كەتتى، مەن ئات بىلەن قېپقالدىـم. تاغنىڭ ئىتىگىدە تۇرسام، غامزاتـىنىڭ چېدىرىـدىن ئوق ئاۋازى چىقـتى، مەن يۈگۈرۈپ چېدىرغا كىرسەم، ئۇممەخان قان ئىچىدە يېتىپتۇ، ئابۇ-نۇسايخان مۇرىتلار بىلەن ئېلىشىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى قىلىچ بىلەن چېپىلىـپ، ساڭگىـلاپ قاپـتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن يېقىن كەلگەنلەرگە قىلىچ ئۇراتتى. مەن ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم، ئۇ غامزاتـىنىڭ ئىنى-سىنى چېپىـپ ئولتۇرۇپ، يەنە بىرسىگە قىلـىچ ئۇرۇۋاتقانـدا، مورىتلار ئوق چىقىرىپ، ئۇنى يىقىتتى.

ھاجى مۇرات سۆزلەشتىن توختىدى، ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىگە قان تولغان ئىدى.

— مەن قورقۇپ قاچتىم.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەن سېنى ھېچقاچان ۋە ھېچنېمىدىن قورقمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دېدى لورىس مېلىكوۋ.

— شۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قورقمايدىغان بولدۇم، شۇنىڭدىن بۇيان مەن دائىم ئاشۇ ھاقارەتنى ئويلايمەن، ئۇنى ئويلىسالا ھېچنېمىدىن قورقمايمەن.

## 12

— ئەمدى بولدى، ناماز ئوقۇۋالاي، — دېدى ھاجى مۇرات، چېركەسكىسىنىڭ يانچۇقىدىن ۋورونتسوۋ ھەدىيە قىلغان قوڭغۇراقلىق سائىتىنى ئېلىپ، پەم بىلەن پۇرژىنىسىنى بېسىپ، بېشىنى قىڭغاقتىپ، بالىلارچە كۈلۈمسىرەپ تىڭشىدى. سائەت ئون ئىككىدىن چارەك ئۆتكەننى بىلدۈرۈپ جىرىڭلىدى.

— ۋورونتسوۋ ھەدىيە قىلغان سوغا، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ياخشى ئادەم ئىكەن.



www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، ياخشى ئادەم. سائەتمۇ ياخشى. سەن ناماز ئوقۇۋال، مەن ساقلاپ تۇراي، — دېدى لورىس مېلىكوۋ.

ھاجى مۇرات:

— ياخشى، — دېدى ۋە ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

لورىس مېلىكوۋ ئۆزى شۇ يەردە يالغۇز قېلىپ، ھاجى مۇراتنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنىڭ مۇھىملىرىنى خاتىرىلىۋالدى، ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ھوجرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيدىن قىزىق پاراڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، بىرسى بىر ئىش توغرىلىق ئىتتىكلا تاتارچە بىر نىمە دەۋاتاتتى. ئۇ بۇلار-نىڭ ھاجى مۇراتنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىردى.

ئۆينى تاغلىقلاردا بولىدىغان ئەيلەنگەن تېرىنىڭ ئاچچىق ھىدى قاپلىغان ئىدى. چاپىنى ياغلىشىپ كەتكەن، ئالغاي، مىسۋاش ھەمزەلى دەرىزىنىڭ ئالدىغا سىلىقلىق تۇرغان چاپاندا ئولتۇرۇپ، يۇگەن ئورۇۋاتاتتى. ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن نىمىدۇ بىر نەرسە توغرىلىق قىزىق سۆزلەۋاتاتتى. لېكىن لورىس مېلىـ-كوۋ كىرىش بىلەن ئۇ گېپىنى توختىتىپ، كىرگەن كىشىگە ئېتىۋارمۇ قىلىپ كەتمەستىن، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان خۇش چاقچاق خان مەغەم ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ، كىرپىكسىز قارا كوزلىرىنى ئوينىتىپ، بىر گەپنى كەينى-كەينىدىن تەكرارلاۋاتاتتى. كېلىشكەن يىگىت

ئۆلدار بولسا يەڭلىرىنى كۆچلۈك بىلەكلىرىگە تۈرۈپ قويۇپ، مىخقا ئېسىپ قويۇلغان ئىگەرنىڭ تاسمىلىرىنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇ ئاساسىي ياردەمچى ۋە خىزمەتچى خەنەفى ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى.

— نىمە توغرىلىق گەپ تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ خان مەغەم بىلەن سالاملىشىپ.

— ئۇ ھەمىشە شامىلنى ماختايدۇ، — دىدى خان مەغەم لورىس مېلىكوۋقا قولىنى بېرىپ، — ئۇ، شامىلنى كاتتا كىشى، ھەم ئالىم، ئەۋلىيا، چەۋەنداز، دەيدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولمىغاندىن كېيىن نىمىشقا يەنە ئۇنى ماختايدۇ؟

— بىللە بولمىسىمۇ، ماختاپ تۇرىدۇ، — دىدى خان مەغەم چىشلىرىنى چىقىرىپ، كوزلىرىنى ئوينىتىپ ئىتتىك سوزلەپ.

— ئۇنداقتا، ئۇ سىنىڭچە ئەۋلىيامۇ؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ.

— ئۇ ئەۋلىيا بولمىغان بولسا خەلق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغان بولاتتى، — دىدى ھەمزەلى ئىتتىك سوزلەپ.

— ئەۋلىيا شامىل ئەمەس، مەنسۇر، — دىدى خان مەغەم، — ئۇ ھەقىقى ئەۋلىيا، ئۇ ئىمام بولغان ۋاقتىدا، ھەممە جامائەت باشقىچە ئىدى. ئۇ كەنتلەرنى ئارىلىغاندا، خەقلەر ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ پېشىنى كوزىگە سۈرتۈپ، گۇنايىغا توۋا قىلىپ، يامان ئىش قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئىكەن. چوڭلارنىڭ

دىيىشىچە، ئۇ كەمدە ھەممە كىشى تاماكا چەكمەي، ھاراق-شاراپ ئىچمەي، بەش ۋاخ نامازنى تاشلىماي، ئۇزلىرىگە قىلىنغان تىل-ھاقارەتنى ھەتتا قانلىق قىساسنىمۇ كەچۈرۈپ، ئەۋلىيادەك ياشايدىكەنمىش. ئۇ كەملەردە، كىشلەر تېپىۋالغان نەرسىلەرنى قومۇشقا ئېسىپ، ئىگىسى ئېلىۋالسۇن دەپ يولنىڭ ياقىسىدا قويۇپ قويىدىكەنمىش. ئۇ چاغدا ئاللاتائالامۇ ھەممە بەندىسىنى بېيىتىپتىكەنمىش، ھازىرقىغا ئوخشمايدىكەنمىش.

— ھازىرمۇ يېزىدا ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدىغۇ، — دىدى ھەمزەلى.

— سېنىڭ شامىلىڭ مومدىن ياسالغان قارا تايغان بۇغا، — دىدى خان مەغەم لورىس مېلىكوۋقا قاراپ كوزىنى قىسىپ قويۇپ.

"مومدىن ياسالغان قارا تايغان بۇغا" تاغلىقلارغا كەمسىتىپ قويۇلغان نام ئىدى.

— تاغلىقلارنىڭ ئوزى مومدىن ياسالغان قارا تايغان بۇغا، — دىدى ھەمزەلى، — لېكىن تاغدا بۇركۇتمۇ بار-دە.

— بارىكاللا! قالتىس گەپ قىلدىڭ، — دىدى خان مەغەم ئۇنىڭ جايىدا جاۋاپ بەرگەنلىگىدىن خۇرسەن بولۇپ ئاغزىنى كالچايتىپ كۇلۇپ.

ئۇ لورىس مېلىكوۋنىڭ قولىدىكى كۇمۇچ تاماكا قۇتىسىنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن تاماكا سورىدى. لورىس مېلىكوۋ تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىغىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىر كوزىنى قىسىپ،

بېشى بىلەن ھاجى مۇراتنىڭ ھوجرىسىنى كورسىتىپ، كورۇپ قالمىسىلا بولىدۇ، دېدى-دە. شۇ ھامان تاماكىسىنى چېكىپ، ئىسسىنى ئىچىگە شورىماي، قىزىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى بىر قىسمىلا قىلىپ پۈۋلەشكە باشلىدى.

— بۇ ئىش قاملاشمىدى، — دەپ ھەمزەلى ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. خان مەغەم ئۇنىڭغا كوزىنى قىسىپ قويۇپ تاماكىسىنى چېكىۋېتىپ، لورىس مېلىكوۋتىن قەيەردىن ئۇبدانراق شايى پەشمەت ۋە ئاق پاپاخ سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىغىنى سورىدى.

— نىمە، سېنىڭ شۇنچىۋالا پۇلۇڭ كوپما؟

— ھە، ئاز-تولا بار، — دېدى خان مەغەم كوزىنى قىسىپ قويۇپ. ئېلدار چىرايلىق، خۇش خۇي يۈزىنى لورىس مېلى-كوۋغا بۇراپ:

— ئۇنىڭ پۇللىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنى سوراپ باق، — دېدى.

— ئۇتتۇۋالغان، — دېدى خان مەغەم خوشاللىق بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈنۈگۈن تىفلىستا قانداق تاماشا قىلغانلىغىنى ۋە رۇس، ئەرمەنلەرنىڭ توپلىشىپ ئارال تاشلاپ ئويناۋاتقان يېرىگە بېرىپ قالغانلىغىنى، يوغان تاۋىكادا ئۈچ تىللا ۋە نۇرغۇن تەڭگە تۇرغانلىغىنى، خان مەغەم قانداق ئويناشنى دەرھال چۈشىنىپ، يانچۇغىدىكى مىس تەڭگىلەرنى شاراقلىتىپ تاۋىكاغا چۈشۈپ، ھەممىسىگە دو چىققانلىغىنى ئېيتتى.

— ھەممىسىگە دو چىققۇدەك شۇنچىۋالا كوپ پۇلۇڭ بارمى-

دى؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ.
— بارى - يوقى ئون ئىككى تىيىنىم بار ئىدى، — دېدى خان مەغەم چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.
— ئۇنتۇرۇپ قويغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟
— ماۋۇچۇ. — خان مەغەم يېنىدىكى تاپانچىنى كورسەتتى.
— نىمە، ئۇنى بىر ەمتىڭ؟
— نىمىشقا بېرەتتىم؟ قاچاتتىم، ئەگەر بىرسى تۇتماقچى بولسا ئېتىپ ئولتۇرەتتىم.
— ئاخىر ئۇتتۇڭمۇ؟
— ئۇتمامدىغان، ھەممىسىنىڭ پۇللىرىنى سۇپۇرۇپ ماڭدىم.
خان مەغەم بىلەن ئېلدارنى لورىس مېلىكوۋ ئوبدان بىلەتتى. خان مەغەم شوخ ۋە ئويۇنچى ئىدى. ئۇ ھايان قالغان ھاياتى كۇچىنى نەگە قويۇشنى بىلمەيدىغان، خۇش خۇي، بەڭگىل، ئوزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىدىغان، ھازىر رۇسلارغا ئەل بولغان بولسىمۇ ئەتىلا شامىل تەرەپكە ئوتۇپ كېتىشى كورۇنۇپ تۇرغان كىشى ئىدى. ئېلدارنىمۇ پۇتۇنلەي چۇشەنگىلى بولاتتى: ئۇ ئوزىنىڭ خوجايىنىغا تازا ئىخلاسمەن، ئېغىر - بېسىق، كۇچلۇك، چىڭ ئادەم ئىدى. لورىس مېلىكوۋ يالغۇزلا مىسۋاش ھەمزەلىنىڭ مىجەزىنى بىلمەيتتى. لورىس مېلىكوۋ ئۇنىڭدىن شۇنى سەزدىكى، ئۇ شامىلغا سادىق بولۇپلا قالماي، يەنە پۇتۇن رۇسلاردىن يىرگىنەتتى، ئۇلارنى كوزگە ئىلمايتتى ۋە يامان كورەتتى، ئۇلاردىن نەپرەتلىنەتتى.

شۇڭا لورىس مېلىكوۋ ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن رۇسلارغا ئەل بولغانلىغىنى چۈشەنمەيتتى. لورىس مېلىكوۋنىڭ كۆڭلىدە گۇمان بار ئىدى، بۇ گۇمان مەلۇم يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ھاجى مۇراتنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن ئەل بولغانلىغىغا ۋە شامىل بىلەن ئېلىشىمەن دىگەن گېپىگە ئىشەنمەيتتى، ئۇ رۇسلارنىڭ ئاجىزلىغىنى بىلىۋېلىپ، ئاندىن تاقا قېچىپ بېرىپ، رۇسلارنىڭ ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلماقچى دەپ ئويلايتتى. ھەمزەلى بولسا ئۆزىنىڭ پوتۈن تۇرقى بىلەن ئۇنىڭ ھىلىقى پەرىزىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ تۇراتتى. لورىس مېلىكوۋ "بۇلارمۇ، ھاجى مۇراتمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرىدۇ، ئەمما بۇ ئادەم ئۇچمەنلىگىنى يوشۇرالماي، ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ" دەپ ئويلايتتى.

لورىس مېلىكوۋ ھەمزەلى بىلەن سوزلىشىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇنىڭدىن زېرىككەن-زېرىكمىگەنلىگىنى سورىدى. ھەمزەلى ئۇز ئىشىنى توختاتمايلا لورىس مېلىكوۋغا سىڭا كوزىدە قاراپ قويۇپ، خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن بىردىنلا ئۇزۇپ-ئۇزۇپ جاۋاپ بەردى:

— ياق، زېرىكمىدىم.

ئۇنىڭ باشقا سوئاللارغا بەرگەن جاۋاۋىمۇ شۇنداق بولدى.

لورىس مېلىكوۋ بۇ ئويدىكى چاغدا، ھاجى مۇراتنىڭ توتىنچى مۇرىدى ئاۋارسىي خەنەفى كىردى. ئۇ يۇزىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە يۇڭلۇق بولۇپ، يۇڭلۇق مەيدىسى بىر پارچە

www.uyghurkitap.com

تېردىگە ئوخشايتتى. ئۇ ئېلدارغا ئوخشاشلا، خوجايىنىغا ئىنتىلپەك قىلماي بويى سۇنىدىغان، ئالدىراپلا يۈرىدىغان پەمسىز بىر خىزمەتچى ئىدى.

ئۇ بۇ ئۆيگە گۈرۈچ ئالغىلى كىرگەن ئىدى، لورىس مېلىكوۋ ئۇنى توختىتىۋېلىپ، ئۇنىڭ قەيەرلىكلىگىنى، قاچاندىن بۇيان ھاجى مۇرات بىلەن بىللە بولۇۋاتقانلىغىنى سورىدى.

— بەش يىل بولدى، — دەپ جاۋاپ بەردى خەنەفى قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىن لورىس مېلىكوۋقا جىمغىنا قاراپ قويۇپ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كەنتتىن. مېنىڭ ئاتام ئۇنىڭ تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىغى ئۈچۈن ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. شۇ پەيتتە مەن ئۇنىڭدىن مېنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋېلىشنى ئۆتۈندۇم.

— قېرىنداش قىلىۋېلىش قانداق بولىدۇ؟

— مەن ئىككى ئاي چېچىمنى چۈشۈرمىدىم، تىرنىغىمنى ئالمىدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭكىگە باردىم. ئۇلار مېنى ئاپىسى پاتىمەنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. پاتىمە مېنى ئېمىتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ قېرىندىشى بولدۇم.

ياندىكى ئۆيدىن ھاجى مۇراتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئېلدار خوجايىنىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىغىنى شۇ زامات بىلىپ، قوللىرىنى ئېرتىپ، چوڭ قەدەم بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

— ئۇ، سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قايتىپ چىقىپ، لورىس مېلىكوۋ خۇش خۇي خان مەغەمگە يەنە بىر تال تاماكا

بېرىپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

# 13

لورىس مېلىكوۋ مېھمانخانىغا كىرگەندە، ھاجى مۇرات ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى.

ــ قانداقراق، داۋاملاشتۇرىمىزمۇ؟ ــ دېدى ئۇ سافاغا ئولتۇرۇپ.

ــ ھە، ئەلۋەتتە، ــ دېدى لورىس مېلىكوۋ، ــ ھازىر سېنىڭ مۇرىتلىرىڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتىم. بىر خۇش خۇي يىگىت بار ئىكەن.

ــ ھەئە، خان مەغەم، ئۇ شاللاق بىر نىمە، ــ دېدى ھاجى مۇرات.

ــ ماڭا ھېلىقى چىرايلىق بىرسى يېقىپ قالدى.

ــ ھە، ئېلدار. ئۇ ياش، ئەمما تۆمۈردەك چىڭ يىگىت.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى.

ــ سۆزلەۋېرەيمۇ؟

ــ ھە، ماقۇل.

ــ مەن خانلارنى قانداق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى سۆزلىدىم. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، غامزات خۇنزاخقا كېلىپ،

خان سارىيىدا ئولتۇردى، — دەپ سوزىنى باشلىدى ھاجى مۇرات، — خانچە تېخىچە سارايدا ئىدى. غامزات ئۇنى ئالدىغا قىچقىرىپ كېلىۋىدى، ئۇ غامزاتنى تىللىدى. غامزات ئۆزىنىڭ مۇرىدى ئەسەلدارغا كوزىنى قىسىپ قويغان ئىدى، ئۇ خانچىنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئولتۇرۇۋەتتى.

— ئۇنى نېمىشقا ئولتۇردۇ؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ.

— ئۇنداق قىلمىسا بولامدۇ: ئۇ باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەكچى، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتمەكچى ئىدى. شۇڭا ئاشۇنداق قىلدى. شامىل خاننىڭ كىچىك ئوغلىنى ئولتۇرۇپ، ياردىن تاشلىۋەتكەن. غامزات پۈتۈن ئاۋارىيىنى بوي سۇندۇردى، ئاكام بىلەن ئىككىمىزلا بوي سۇنمىدۇق. بىز ئۇنىڭدىن خانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز بوي سۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوچ ئالماقچى بولدۇق. بىز بوۋىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ سارايدىن چىققان ۋاقتىدا پايلاپ تۇرۇپ، ئېپىنى تېپىپ ئولتۇرۇشكە كېلىشتۇق. بىرسى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، غامزاتقا ئېيتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋامنى چاقىرتىپ، "كوزۇڭنى ئېچىپ يۈر، نەۋرىلىرىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلىغان بولسا، سېنى ئۇلار بىلەن قوشۇپ دارغا ئاسىمەن. مەن ئاللانىڭ ھوكمى بويىچە ئىش قىلىمەن. ماڭا دۈشمەنلىك قىلىمىز دىگىنىڭ بىكار. ماڭ، كەت. مېنىڭ سوزۇم ئېسىڭدە بولسۇن" دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بوۋام ئۆيگە كېلىپ، بۇ گەپلەرنى بىزگە ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز كۈتۈپ تۇرماي، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى مېچىتتىلا ئۇنى جايلاشقا كېلىشتۇق. لېكىن ئاغىنىلەر ئۇنىمىدى. بىز ئاكا-ئۇكا ئىككىمىزلا قالدۇق. بىز ھەر بىرىمىز ئىككىدىن تاپانچا ئېلىپ، تون كىيىپ، مېچىتكە باردۇق. غامزات ئوتتۇز مۇرىدى بىلەن مېچىتكە كىردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان ئىدى. غامزاتنىڭ يېنىدا ئۇ ياقتۇرىدىغان، خانچېنىڭ بېشىنى ئالغان ئەسەلدار بار ئىدى. ئۇ بىزنى كورۈپلا تونىنى سېلىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىپ، بىز تەرەپكە كەلدى. مېنىڭ خەنجىرىم قولۇمدا ئىدى، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۇم-دە، غامزاتقا ئېتىلدىم. ئاكامغىچە ئاكام ئوسمان ئۇنى ئاتتى. لېكىن غامزات ئۆلمىدى، ئۇ خەنجىرىنى ئېلىپ، ئاكام ئوسمانغا ئېتىلدى. شۇ ئارىدا مەن ئۇنىڭ بېشىغا خەنجەر تىقتىم. مۇرىتلار ئوتتۇز، بىز ئىككى كىشى ئىدۇق. ئۇلار ئاخىر ئاكام ئوسماننى ئۆلتۈردى، مەن قۇتۇلۇپ، دەرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچتىم. كىشىلەر غامزاتنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئاڭلاپ قوزغىلىپ كەتتى، مۇرىتلار تىكىۋەتتى، قېچىپ كېتەلمىگەنلىرى ئۆلتۈرۈلدى.

ھاجى مۇرات توختاپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى-دە، سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

—بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بولغان ئىدى، كېيىن ھەممىسى بۇزۇلدى. شامىل غامزاتنىڭ ئورنىغا چىقتى. ئۇ ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپ، مېنى ئۇزى بىلەن بىرلىكتە رۇسلارغا قارشى

تۇرۇشقا دالالەت قىلىدى؛ ئەگەر ئۇنىمسام خۇنزاخىنى تۇپ-تۇز قىلىۋېتىپ، مېنى ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تېرە تاراق-شىشتىتى. مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئۇنى ھەم ئوزەمگە يېقىن يولاتمايمەن، دىدىم.

— سەن ئىمىشقا ئۇنىڭ يېنىغا بارمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى لورىس مېلىكوۋ.

ھاجى مۇرات قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، بىر پەستىن كېيىن جاۋاپ بەردى:

— بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس. شامىلدا ئاكام ئوسمان بىلەن ئابۇنۇسايخاننىڭ قان قەرزى بار. مەن شۇڭا ئۇنىڭ يېنىغا بار-مىدىم. گېنېرال روزېن ماڭا ئەپىتسەرلىك مەرتىۋىسىنى ئەۋەت-تى ھەم ئاۋارىيىگە باشلىق بولۇشنى سايە قىلىدى. بۇ ئەسلىدە بىر ئوبدان ئىش ئىدى، لېكىن روزېن ئاۋارىيىگە باشتا قازى قۇمۇخانىنى، مۇھەممەت مىرزىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت-خاننى بەلگىلىدى. ئەخمەتخان مېنى دۈشمەن كوردى. ئۇ ئوزىنىڭ ئوغلىغا خاننىڭ قىزى سەلتەنەتنى لايىق كورۇپ ئەلچى كىرگۈز-گەن ئىكەن، قىزنى بەرمىسە، ئۇ بۇ ئىشنى مېنىڭدىن كورۇپتۇ. شۇڭا كوڭلىدە غۇم ساقلاپ، مۇرىتلىرىنى ماڭا قەست قىلىشقا كۈشكۈرتىتى. مەن ئۇ يەردىن قېچىپ كەتتىم. كېيىن ئۇ مېنى كلۇگېنائۇغا چېقىپتۇ، مەن ئاۋارىيىلارغا رۇس ئەسكەرلىرىگە ئوتۇن بەرمەڭلار دەپتىمىشمەن. ئۇ كلۇگېنائۇغا مېنى سەللە يوگەيدۇ دەپتۇ، — ھاجى مۇرات پاپىغىنىڭ ئۇستىگە ئورالغان سەللىنى

كورستىپ تۇرۇپ دىدى، ــ مېنى شامالغا قول بەرگەن دەپتۇ. لېكىن گېنېرال بۇنىڭغا ئىشەنمىدى، مېنى تۇتۇشقىمۇ بۇيرۇق بەرمىدى. بىراق گېنېرال تىفلىسقا كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەتخان ئۇزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ، بىر لىيەن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ مېنى تۇتۇپ، زەمبىرەككە باغلاپ قويدى. مەن ئالتە كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق باغلاقلىق تۇردۇم. 7 ـ كېچىسى مېنى بوشىتىپ، تومۇرخان شوراغا ئەۋەتتى. مېنى قىرىق ئەسكەر مىلتىق بىلەن يالاپ ماڭدى. مېنىڭ قولۇم باغلاقلىق بولۇپ، قاچسام ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى. مەن بۇنى بىلەتتىم. بىز موكسوخقا يېقىن كەلگەندە ئىنتايىن تار بىر يولدىن ئۆتتۇق، يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەللىك سازىن① چوڭقۇرلۇقتا كەلگۈدەك يار بار ئىدى. مەن ئەسكەرلەرنىڭ ئوڭ يېنىغا ــ يارنىڭ لېۋى تەرەپكە ئۆتتۇم. بىر ئەسكەر مېنى توسماقچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە يارغا سەكرىدىم ۋە ھېلىقى ئەسكەرنىمۇ ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتىم. ئەسكەر ئۆلدى، مەن ھايات قالدىم. بېشىم يېرىلدى، قوۋۇرغىلىرىم، پۇت ـ قوللىرىم سۇندى. ئۆملەپ بېقىۋىدىم، بولمىدى. بېشىم ئايلىنىپ، ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام، پۈتۈنلەي قان ئىچىدە يېتىپتىمەن. مېنى كورۇپ قالغان بىر پادىچى كىشىلەرنى قىچقىرىپ كېلىپ، مېنى يېزىغا ئېلىپ كەلدى. بېشىم، قوۋۇرغىلىرىم ھەم پۇتۇم

① بىر سازىن 2.134 مېترغا باراۋەر.



www.uyghurkitap.com

ساقايدى، مۇشۇ بىر پۈتۈنلا سەل كالتە بولۇپ قالدى.
هاجى مۇرات شۇ پۈتىنى سوزۇپ كورسەتتى.

— هېلىمۇ ياخشى، ماڭالايمەن. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، — دېدى ئۇ، — بۇنى ئاڭلىغان خەلق كېلىپ يوقلاپ تۇردى. ساقايغاندىن كېيىن سېلىمىسكە كەتتىم. ئاۋارىيلار مېنى يەنە ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دالالەت قىلدى. مەنمۇ قوبۇل كوردۇم. — هاجى مۇرات ئاخىرقى سوزىنى ئوزىگە ئىشەنگەن هالدا ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن مەغرۇرانە ئېيتتى.

هاجى مۇرات ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خۇرجۇندىن بىر قاپچۇقنى ئالدى-دە، ئۇنىڭدىن ساغىرىپ كەتكەن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ، لورىس مېلىكوۋقا بەردى. بۇ كىلاگىنائۇ گېنېرال ئۇنىڭغا يازغان خەتلەر ئىدى. لورىس مېلىكوۋ ئوقۇپ چىقتى. بىرىنچى خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

”جۇنۇبىي (پراپورشىك) هاجى مۇرات، سەن مېنىڭ قول ئاستىمدا خىزمەت قىلدىڭ، مەن سېنىڭدىن كوپ رازى ئىدىم. سېنى ۋىجدانلىق ئادەم دەپ هىساپلايتتىم. يېقىندا شاۋجياڭ (گېنېرال مايور) ئەخمەتخان ماڭا سېنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىغىڭنى، سەللە ئوراپ يۇرۇشۇڭنىڭ شامىل بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىگىنى، خەلققە رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭلار دەپ ئۇگەتكەنلىگىڭنى مەلۇم قىلدى. مەن سېنى قولغا ئېلىپ، ئالدىمغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق بەرگەن ئىدىم، سەن قېچىپ كېتىپسەن. بۇ

ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ، مەن بىلمەيمەن، چۈنكى سېنىڭ گۇناكار ياكى گۇناسىز ئىكەنلىكىڭنى ئۇقمايمەن. ھازىر مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال. ئەگەر ئۇلۇغ پادىشايىمىز ئالدىدا ۋىجدانىڭ تازا، ئازراقمۇ گۇنايىڭ يوق ئىكەن، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن. ھېچكىمدىن قورقما، مەن ساڭا ھامى بولىمەن. خان سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا. شۇڭا سەن قورققۇدەك ھېچ نەرسە يوق.“

خەتنىڭ ئاخىرىدا كىلاگىنائۇ ھەرقاچان ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئادىللىقىنى يېزىپ، ئاندىن ھاجى مۇراتنى ئۆزى تەرەپكە ئۆتۈشكە يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلغان ئىدى.

لورىس مېلىكوۋ بىرىنچى خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاجى مۇرات يەنە بىر خەتنى چىقاردى. ئۇ بۇ خەتنى لورىس مېلىكوۋغا بەرگىچە بىرىنچى خەتكە ئۆزىنىڭ قانداق جاۋاپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن يازغان خېتىمدە: سەللىنى شامىل ئۈچۈن ئەمەس، جېنىمنى ساقلاشقا ئورايمەن، مەن شامىل تەرەپكە ئۆتۈشنى خالىمايمەن ھەم ئۆتەلمەيمەن، چۈنكى مېنىڭ دادام، قان قېرىنداشلىرىم ۋە تۇققانلىرىم ئۇنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى، لېكىن رۇسلارغىمۇ ئەل بولالمايمەن، چۈنكى ئۇلار مېنى خورلىدى، خۇنزاختا مېنى باغلاپ قويغاندا، بىر نومۇسسىز مېنىڭ ئۈستۈمگە چوڭ تەرەت قىلدى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلمىگىچە مەن سەن تەرەپكە بارالمايمەن، ھەممىدىن بەكرەك، ئەخمەتخان

دىگەن كازازاپتىن قورقىمەن، دىدىم. شۇنىڭ بىلەن گېنېرال ماگا بۇ خەتنى يېزىپتۇ.

ھاجى مۇرات مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ساغىرىپ كەتكەن يەنە بىر خەتنى لورىس مېلىكوۋغا بەردى. لورىس مېلىكوۋ ئۇنىمۇ ئوقۇدى:

”خېتىمگە جاۋاپ بېرىپسەن، رەخمەت. سەن بىز تەرەپكە كېلىشتىن قورقمايدىغانلىقىڭنى، لېكىن بىر كاپىر سېنى خورلىغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىڭنى يېزىپ-سەن؛ مەن ساگا كېپىللىك قىلىمەنكى، رۇسلارنىڭ قانۇنى ئادىل، سېنى خورلىغان كىشىنىڭ جازالانغانلىقىنى ئۆز كوزۇڭ بىلەن كورىسەن — مەن بۇ ئىشنى تەكشۇرۇشكە بۇيرۇق بەردىم. ھاجى مۇرات، ئاڭلا، مەن سېنىڭدىن نارازى بولۇشقا ھەقلىق، چۇنكى سەن ماگا ۋە مېنىڭ سادا-قىتىمگە ئىشەنمەيسەن، لېكىن مەن تاغلىقلارنىڭ ئومۇمى مىجەزىدە ئىشەنمەسلىك بارلىقىنى بىلگەچكە، سېنى ئەپۇ قىلىمەن. ئەگەر سېنىڭ ۋىجدانىڭ ساپ بولسا، سەللىنى جېنىڭنى ساقلاش ئۇچۇنلا ئورىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا سەن ھەقلىق، سەن رۇس ھوكۇمىتىگە ۋە ماگا قاراشقا جۇرئەت قىلالايسەن. ساگا ۋەدە بېرىمەنكى، سېنى خورلىغان كىشى چوقۇم جاجىسىنى يەيدۇ. **مال-دۇنيايىڭ ئوزەڭگە قاي-تۇرۇلىدۇ.** سەن رۇس قانۇنىنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى كورد-سەن ۋە بىلىپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، رۇسلار ھەممە

نەرسىگە باشقىچە قارايدۇ؛ ئۇلار قانداقتۇ بىر پەسنىڭ خورلىغىنى ئۈچۈن سىنى نەزەردىن چۈشۈپ كەتتى دەپ قارىمايدۇ. مەن ئۆزەم گىمىردىن يېزىسىدىكىلەرگە① سەلىلە ئوراشقا رۇخسەت قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى كۈزىتىۋاتىمەن؛ شۇڭا، يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەنكى، سەن قورققۇدەك ھىچ نەرسە يوق. سەن مەن ئەۋەتكەن كىشى بىلەن بۇ يەرگە كەلگىن؛ ئۇ مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم، **ئۇ سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ قولى ئەمەس**، بەلكى ھوكۇمەت ئالدىدىكى ئالاھىدە ئېتىۋارلىق كىشىنىڭ دوستى."

ئاخىردا كىلۇگىنائۇ ھاجى مۇراتنى ئۆزى تەرەپكە ئوتۇشنى يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلغان ئىدى.

—بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىدىم، —دىدى ھاجى مۇرات لورىس مېلىكوۋ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، —شۇڭا كىلۇگىنائۇ تەرەپكە بارمىدىم. مۇھىمى، ئەخمەتخاندىن ئوچ ئېلىشىم كېرەك ئىدى، بۇنى رۇسلارنىڭ قولى ئارقىلىق قىلغىلى بولمايتتى. شۇ چاغدا ئەخمەتخان سىلىمىسنى قورشىۋالغان ئىدى؛ ئۇ مېنى تۇتۇش ياكى ئۆلتۈرۈش كويىدا يۈرەتتى. مېنىڭ ئەسكەرلىرىم ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرالمىدىم. شۇ پەيتتە ماڭا شامىلدىن خەت كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئەخمەتخاننى چېكىندۈرۈشۈم ۋە ئۆلتۈرۈشۈمگە ياردەملىشىشكە ۋەدە قىپتۇ

---

① گىمىردىن يېزىسى — شامىلنىڭ يۇرتى.

ھەم پۇتۇن ئاۋارىيىنى باشقۇرۇشنى ماڭا بەرمەكچى بوپتۇ. مەن ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن، شامىل تەرەپكە ئۆتتۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ رۇسلار بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ كەلدىم.

شۇنداق قىلىپ، ھاجى مۇرات ئۇرۇش تارىخىنى سوزلەپ بەردى. جەڭ نەتىجىلىرى كوپ ئىدى، بۇنىڭ بەزىلىرىنى لورىس مېلىكوۋ بىلەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىملىق يۇرۇش قىلىشى ۋە ھۇجۇمى ھەددىدىن زىيادە چاپسانلىغى ۋە بېسىپ كىرىشتىكى باتۇرلۇغى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى، بەلكى ھەممە ۋاقىت غەلىبە قىلاتتى.

— شامىل بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا ھېچقاچان دوستلۇق بولغان ئەمەس، — دېدى ھاجى مۇرات ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا، — لېكىن ئۇ مەندىن قورقاتتى، مەن بولسام ئۇنىڭغا كېرەك ئىدىم. بىر قېتىم بىرەيلەن مەندىن شامىلدىن كېيىن كىم ئىمام بولىدۇ، دەپ سورىدى. مەن كىمنىڭ قىلىچى ئىتتىك بولسا، شۇ بولىدۇ، دېدىم. بۇ گەپ شامىلغا ئاڭلىنىپتىكەن، ئۇ مېنى كوزىدىن يىراق قىلىش كويىغا چۈشتى. ئۇ مېنى تاباسارانغا① ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە بېرىپ مىڭ قوي، ئۈچ يۈز ئات ئولجا ئالدىم. ئەمما ئۇ مېنى توغرا قىلمىدىڭ دەپ، مېنى نائىبلىقتىن قالدۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي پۈتۈن تاپقان تەرگىنىمنى ئۇزىگە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. مەن مىڭ تىللا

---

① تاباساران — داغىستاننىڭ جەنۇبىدا.

ئەۋەتتىم. ئۇ، مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىپ، مېنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكۈمنى تارتىپ ئالدى. مېنى كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشسۇن دەپتۇ، ئۇنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ، بارمىدىم. ئۇ مېنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتتى. مەن قېچىپ، ۋورونتسوۋ تەرەپكە ئۆتتۈم. لېكىن ئائىلەمنى ئېلىپ كېلەلمىدىم. ئانام، خوتۇنۇم، ئوغلۇم شۇ يەردە قالدى. سەن قوماندانغا ئېيت، ئائىلەم ئۇ يەردە قالسا، مەن ھېچ ئىش قىلالمايمەن.

— مەن ئېيتىمەن، — دېدى لورىس مېلىكوۋ.

— مالال كۆرمەي كۆپرەك كۆچ چىقارساڭ. مەندە بارى سېنىڭ بولىدۇ، كىنەزنىڭ ئالدىدا ماڭا كۆپرەك ياردەم قىلغىن. ھازىر مەن باغلاقتا، ئاغامچىنىڭ ئۇچى بولسا شامىلنىڭ قولىدا.

ھاجى مۇرات مۇشۇ گەپ بىلەن لورىس مېلىكوۋغا ئېيتىدىغان ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

## 14

20-دېكابىر، ۋورونتسوۋ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى چېرنىشېۋقا تۆۋەندىكىچە خەت يازدى، خەت فرانسۇزچە يېزىلغان ئىدى:

”سۆيۈملۈك كىنەز، مەن يېقىنقى بىر قېتىملىق پوچتىدىن

سىزگە خەت يازمىدىم، چۈنكى ھاجى مۇراتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاۋال بىر قارارغا كېلىش ئۈستىدە ئويلاندىم، ئىككى-ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆزەمنىڭ ھېچ مىجەزىم يوق. مەن ئاخىرقى قېتىمدا ھاجى مۇراتنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن ئىدىم: ئۇ 8-كۈنى تىفلىسقا كەلدى؛ ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئاندىن سەككىز-توققۇز كۈن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىپ بېرەدىغانلىقى توغرىلىق، بولۇپمۇ ھازىر ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز توغرىلىق ئويلاندىم. چۈنكى ئۇ ئائىلىسىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا تولىمۇ قايغۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ئائىلىسى شامىلنىڭ قولىدا تۇرغاندا، قولى ئىشقا بارمايدىغانلىقىنى، بىزگە خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى سەمىمى كۈتۈۋالغانلىقىمىز ۋە ئەپۇ قىلغانلىقىمىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەلمەيدىغانلىقىنى خىلمۇ-خىل يول بىلەن چىن كۆڭلىدىن بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قىممەتلىك كىشىلىرىنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغاچقا، ئۇ چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشقا بەلگىلىگەن كىشىلەر ماڭا ئىشەنچلىك تۇردە: ئۇ، كېچە-كېچىلەپ كوز يۇممايدۇ، ھېچ نىمە يىمەيدۇ، دائىم ناماز ئوقۇيدۇ، پەقەتلا بىرنەچچە كازاك بىلەن ئاتلىق چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشنى سورايدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئادەتلىنىپ قالغان، بۇ ئۇنىڭغا بىردىن-بىر مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان تاماشا ۋە

ھەركەت، دەيدۇ. ئۇ ھەر كۈنى مېنىڭ ئالدىمغا ئۆز ئائىلىسى توغرىلىق خەۋەر بار-يوقلۇغىنى بىلمەكچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى بىز باشقۇرۇۋاتقان ئەسىرلەرنى يىغىپ، شامىلغا تېگىشىپ بېرىش شەرتىنى قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭغا ئاز-تولا پۇل چىقىرىمەن دەيدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالتۇن بەرگەنلەرمۇ بار. ئۇ دائىم ماڭا: "ئائىلەمنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز، كېيىن ماڭا سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرستى (ئۇنىڭ پىكرىچە، ئەڭ ياخشىسى، لېزگىن تەرەپكە ئەۋەتىش) بەرسىڭىز، بىر ئاي ئىچىدە سىزگە چوڭ خىزمەت كۆرسىتەلمىسەم، قانداق جازالىساڭلار رازى" دەپ قايتا-قايتا ئېيتتى.

مەن ئۇنىڭغا، بۇنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئورۇنلۇق، ئائىلەڭ بىزنىڭ قولىمىزدا ئامانەت تۇرماستىن، تاغدا تۇرۋەرسە، بىزدە نۇرغۇن ئادەم ساڭا ئىشەنمەسلىگى مۇمكىن، مەن چېگرىدىكى ھەننۇۋا ئەسىرنى يىغىپ، قانۇنىمىز بويىچە، ئۆزەڭ تاپقان پۇللىرىڭنىڭ يېتىشمىگىنىگە پۇل قوشۇپ بېرىشكە ھەققىم بولمىسىمۇ، باشقا بىر يول بىلەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، دېدىم. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۈچۈق كۆڭۈللۈك بىلەن پىكرىمنى ئېيتتىم: شامىل ھېچقاچان ئۇنىڭ ئائىلەسىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئۇ ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، مەرتىۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىغىنى توغرىدىن-توغرا ئېيتمىشى، ئەگەر ئۇ قايتىپ بارمىسا، ئۇنىڭ ئانىسىنى، خوتۇنىنى

ۋە ئالتە بالىسىنى ئۆلتۈرىمەن دەپ ئۇنى قورقۇتۇشمۇ ئېھتى-
ماللىغا ناھايىتى يېقىن. مەن ئۇنىڭغا ئەگەر شامىل شۇنىداق
دىسە قانىداق قىلىسەن، چىن كوڭلۇڭىدىكىنى دەپ باق،
دىدىم. ھاجى مۇرات ئاسمانغا قاراپ، قوللىرىنى كوتىرىپ،
ھەممىسى خۇدانىڭ ئىلكىدە، لېكىن ھەرگىزمۇ دۇشمىنىمنىڭ
قولىغا چۈشمەيمەن، چۈنكى شامىلنىڭ مېنى كەچۈرمەيدىغان-
لىغىغا، شۇنداق بولغانىدىمۇ ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىغىمغا
ئىشەنچىم كامىل دىدى. ئائىلىسىنى ھالاك قىلىشقا كەلسەك،
ئۇ، شامىل بۇنداق يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلمايىدۇ، دەپ
ئويلايدۇ، بۇنىڭ سەۋەۋى، بىرىنچىدىن، ئۇنى تېخىمۇ نائۇ-
مىت، تېخىمۇ خەۋپلىك دۇشمىنى قىلىشنى خالىمايدۇ؛ ئىك-
كىنچىدىن، داغىستاندا نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتىا نۇرغۇن موتىۋ-
ۋەرلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى توسىدۇ. ئاخىردا ئۇ ماڭا
قايتا-قايىتلاپ بىرنەچچە قېتىم ئېيتتى، كېيىن تەقدىر-
پىشانىسى قانىداق بولسا بولسۇن، ئەمما ئۇنىڭ ھازىر
ئەس-يادى ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشتا؛ ئۇ خۇدا ھەققى ماڭا
ياردەم قىلىڭ، چېچېنلەرگە يېقىنراق جايغا قايتىپ بېرىشىمغا
رۇخسەت قىلىڭ دەيدۇ. ئۇ ئۇ يەردە بىزنىڭ ئەمەلدارلىرى-
مىزنىڭ رۇخسىتى ۋە ياردىمى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى
بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالى، ئۇلارنى قۇتۇ-
قۇزۇش چارىلىرى توغرىلىق ئۇقۇشۇپ تۇرماقچى؛ دۇشمەن
قولىدىكى بۇ بىر بولۇك جايدا نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا ئايماق

بەگلىرىنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا ئاز-ماز ياخشى كۆڭۈل بىلەن قارايدۇ. رۇسلار تەرىپىدىن بوي سۇندۇرۇلغان ياكى بىتەرەپ تۇرغان ئاھالىلەر ئارىسىدا، بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاسان، بۇ ئۇنىڭ كىچە-كۈندۈز ئۇنى بارام قىلىۋاتقان مەقسىدىگە يېتىشىگىمۇ پايدىلىق، بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، بىر تەرەپتىن، ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭغا بىزنىڭ غەلىبىمىز ئۈچۈن ھەركەت قىلىش ۋە ئىشەنچىمىزگە ئېگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئۇ يىگىرمە-ئوتتۇز باتۇر كازاك ئەسكەر بىلەن ئوزىنى قايتا گروزنايايغا ئەۋەتىشنى سوراۋاتىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن ساقلاشقا ھەم بىزگە ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا خىزمەت قىلىدۇ.

سويۇملۇك كىنەز، سىز چۈشىنىسىز، بۇ ئىشلار مېنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، چۈنكى مەن قانداق قىلسامۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت ئۇستۇمگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىش ئىنتايىن بىخەتەلىك بولىدۇ؛ لېكىن، ناۋادا بىز ئۇنىڭ قېچىپ كېتىش ئېھتىمالىنى يوق قىلىۋەتمەكچى بولساق، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇشىمىز كېرەك؛ ئەمما بۇنداق قىلىش، مېنىڭچە، ئادىللىق ئەمەس، سىياسەت جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويىمىز. بۇنداق چارە ناھايىتى تېزلا پۈتۈن داغىستانغا ئاڭلىنىپ، ئۇ

يەردىكى ئاز ـ ماز بولسىمۇ ئاشكارا تۇردە شاملىغا قارشى تۇرۇشقا هازىرلىنىۋاتقان هەم شاملىنىڭ بىزگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان ئەڭ باتۇر، ئەڭ هەركەتچان ياردەمچىسىنىڭ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئەهۋالىغا ئىنتايىن كوڭۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كىشلەرنى (بۇنداقلار ئىنتايىن كوپ) نىيىتىدىن ياندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق. ئەگەر بىز هاجى مۇراتقا ئەسىرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلساق، بىز ئۇنىڭ شاملدىن يۈز ئورۇگەن پۈتۈن پايدىلىق تەرىپىدىن مەهرۇم قالىمىز.

شۇڭا مەن هازىر قىلغىنىمدىن باشقا جانغا ئەسقاتقۇدەك چارە تاپالمىغۇدەكمەن. ئەگەر هاجى مۇرات يەنە كېتىش كويىدا بولسا، مەن بىر چوڭ خاتالىق ئوتكۈزۈپ ئەيىپلىنىدىغانلىقىمنى تۇيۇپ تۇرىمەن. دولەت خىزمىتىدە ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مۇشكۇل ئىشلاردا خاتالاشماي تۈز يولدا ماڭىمەن دېيىش هەم مەسئۇلىيەتتىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس ۋە قىيىن بولسىمۇ، ئەمما يول تۈز كورۇنىدىكەن، ئاقىۋەتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن هېساپلىشىپ تۇرماي شۇ يول بىلەن مېڭىش كېرەك.

سويۇملۇك كىنەز، مەن بۇنى سىزنىڭ ئۇلۇغ پادىشا ئالىلىرىنىڭ كورۇپ چىقىشىغا سۇنۇپ بېرىشىڭىزنى سوراي-مەن، ئەگەر بۇ ئىشلىرىم شاهنشاهىمىزغا مەقبۇل كورۇلۇپ قالسا، مەن بەختلىك بولىمەن. يۇقۇرىدا سىزگە يازغانلىرىم-

نىڭ ھەممىسىنى گېنېرال زاۋادوۋسكى بىلەن گېنېرال كوز-
لوۋىسكىغىمۇ مەلۇم قىلدىم؛ كوزلوۋىسكى ھاجى مۇرات بىلەن
توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋەت قىلسۇن ئۇچۇن ھاجى مۇراتقا
گېنېرالنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچ ئىش قىلىشقا
ۋە ھېچ يەرگە بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويدۇم.
ئەگەر ئۇ ئەسكەرلىرىمىز بىلەن بىللە سىرتقا چىقسا، بۇ،
بىز ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىسا
شامىل بىزنى ھاجى مۇراتنى سولاپ قويۇپتۇ دەپ سوز-
چوچەك تارقىتىشى ئېھتىمال ئىكەنلىكىنى مەن ئۇنىڭغا ئېيت-
تىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىن ۋوزدۋىژېنسكىغا زادىلا
بارماسلىق توغرىلىق ۋەدە ئالدىم، چۈنكى مېنىڭ ئوغلۇم —
ھاجى مۇرات باشتا ئۇنىڭغا تەسلىم بولغان ۋە ئۇنى ئوزىنىڭ
دوستى دەپ ھېساپلىغان — ئۇ يەرنىڭ باشلىغى ئەمەس،
ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ قېلىشى مۈمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە،
ۋوزدۋىژېنسكى بىزگە دۈشمەن كەنتلەرگە بەك يېقىن،
ھاجى مۇراتقا ئوزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى بىلەن ئالاقە
باغلاشتا گروزنايا ھەر جەھەتتىن قولايلىق.

ھاجى مۇراتنىڭ تەلىۋى بويىچە، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ
ئايرىلمايدىغان خىل يىگىرمە كازاكتىن باشقا، ئابرويلۇق،
يىشقان، ئىنتايىن زېرەك، تاتارچە بىلىدىغان ئەپتىسەر لورىس
مېلىكوۋنى قوشۇپ قويدۇم. ئۇ ھاجى مۇراتنى ئوبدان
بىلىدۇ، ھاجى مۇراتمۇ ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىدىغاندەك تۇر-

دۇ. ھاجى مۇرات بۇ يەردە ئون كۈن تۇردى، بۇ جەرياندا ئۇ بۇ يەرگە ئىش بىلەن كەلگەن تۇەنجاڭ تارخانوۋ كىنەز — سۇشىن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بىلەن بىر ئۆيدە تۇردى، تار- خانوۋ ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەم، مەن ئۇنىڭغا تولۇق ئىشە- نىمەن. ئۇمۇ ھاجى مۇراتىنىڭ ئىشەنچىگە نائىل بوپتۇ. ئۇ ئارقىلىق (چۈنكى ئۇ تاتارچىنى ئوبدان بىلىدۇ) بىز نازۇك ۋە مەخپى ئىشلار توغرىلىق سوزلەشتۇق.

مەن ھاجى مۇراتىنىڭ ئىشى توغرىسىدا تارخانوۋ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە تولۇق قوشۇلدى: بىر بولسا، ھازىر مېنىڭ قىلغىنىمدەك قىلىش كېرەك، بىر بولسا، ھاجى مۇراتنى قاماپ، مۇمكىن بولىدىغان قاتتىق چارىلەر بىلەن ساقلاش كېرەك (ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم يامان مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، كېيىن ئۇنى ساقلىشىمىز ئاسانغا چۈش- مەيدۇ)، يا ئۇنى چەتئەلگە چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن كېيىنكى ئىككى خىل چارە بىزنى ھاجى مۇرات بىلەن شامىل ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشتىن كېلىدىغان پۈتۈن مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماي، بەلكى بولۇشقا تېگىش- لىك نارازىلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە تاغلىقلارنىڭ شامىل ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقىنى توسۇپ قويۇشى ئېھتىمال. تارخانوۋ كىنەز ماڭا ئۆزىنىڭ ھاجى مۇراتنىڭ سوزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ھاجى مۇراتىنىڭ شامىل مېنى ھېچقاچان كەچۈرمەيدۇ، كەچۈرۈشكە ۋەدە قىلسىمۇ ئۆلتۈ-

www.uyghurkitap.com

رۇشكە بۇيرۇق بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل دېگەن سۆزگە ئىشىنىدىغانلىغىنى ئېيتتى. تاتخانوۋ ھاجى مۇرات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئەندىشە قىلغان بىردىن-بىر ئىش ھاجى مۇراتنىڭ ئۆز دىنىغا بولغان ئىخلاسى بولدى، شامىلنىڭ مۇشۇ تەرەپتىن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىنلىگىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يوشۇرماي ئېيتتى. لېكىن، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، شامىل ھاجى مۇراتنى ئۆزىنىڭ ھازىر ياكى ئۇ قايتىپ بېرىپ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جېنىدىن جۇدا قىلمايدىغانلىغىغا ھەرگىزمۇ ئىشەندۈرەلمەيدۇ.

سويۇملۇك كىنەز، يېقىنقى ئەھۋاللار ئىچىدە سىزگە دوكلات قىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ.

# 15

بۇ دوكلات 24-دېكابىر تىفلىستىن ئەۋەتىلدى. 1851-يىل 31-دېكابىر ئاخشىمى بىر خەت توشۇغۇچى ئون توت ئاتنى چاپتۇرۇپ كېرەكتىن چىقىرىپ، ئون ھارۋىكەشنىڭ يۈزىنى ئۇرۇپ قانغا بوياپ، دوكلاتنى شۇ چاغدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى چېرنىشېۋغا يەتكۈزدى.

1852-يىلنىڭ 1-يانۋار كۈنى چېرنىشېۋ پادىشا نىكولاينىڭ

هوزۇرىغا كىرگەندە، باشقا ئىشلار بىلەن بىللە ۋورونتسوۋنىڭ ھىلىقى دوكلادىنىمۇ سۇندى.

ۋورونتسوۋ ھەممە كىشىنىڭ چوڭ ھورمىتىگە ۋە ئىنتايىن زور بايلىققا ئىگە بولغانلىغى، بولۇپمۇ ھەقىقى ئاقسوڭەك بولغانلىغى، چېرنىشېۋ ئۆزى بولسا ئارانلا Parvenu① بولغانلىغى، مۇھىمى، پادىشا ۋورونتسوۋنى ئالاھىدە ياخشى كورىدىغانلىغى ئۈچۈن چېرنىشېۋنىڭ ۋورونتسوۋ بىلەن خوشى يوق ئىدى. شۇڭا چېرنىشېۋ ئىپىنى تاپسىلا ۋورونتسوۋقا زىيانكەشلىك قىلاتتى. كاپكازنىڭ ھەربى ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئوتكەن قېتىمقى دوكلاتتا، ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىغى تۈپەيلىدىن كىچىككىرەك بىر كاپكاز قىسمىنىڭ تاغلىقلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي دىگۈدەك يوقىتىلغانلىغىدىن پايدىلىنىپ، چېرنىشېۋ نەتىجىلىك تۈردە نىكولاينىڭ ۋورونتسوۋقا قارىتا نارازىلىغىنى قوزغىغان ئىدى. ھازىر ئۇ ۋورونتسوۋنىڭ ھاجى مۇرات مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇلىنىڭ پايدىسىز تەرىپىنى كورستىشكە ئۇرۇندى. ئۇ پادىشاغا: ۋورونتسوۋنىڭ ھەمىشە رۇسلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، يەرلىك خەلقلەرگە يان بېسىپ ۋە ئۇلارغا يول قويۇپ، ھاجى مۇراتنى كاپكازدا ئېلىپ قالغانلىغى ئىنتايىن ئەقىلسىزلىق دەپ ئېيتىشنى، ھاجى مۇرات بىزنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىمىزنى كورۇپ كېتىش ئۈچۈن بىز تەرەپكە ئوتكەن

① فرانسۇزچە يېڭى ئاقسوڭەك، بىردىنلا بېيىغان ئائىلە دىگەن سوز.

www.uyghurkitap.com

بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى، ھاجى مۇراتنى روسىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى تاغلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئىشقا سېلىش كېرەك، دەپ ئېيتىشنى ئويلايتتى.

چېرنىشېۋنىڭ بۇ پىلانى ئەپلەشمەي قالدى، يېڭى يىل كۈنى ئەتىگەندە نىكولاينىڭ كەيپى بولەكچىلا يامان بولۇپ تۇرغاچقا، ھېچكىمنىڭ ھەرقانداق تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمايتتى، چېرنىشېۋنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشنى ئەزەلدىن كۆڭلى تارتمايتتى. ھازىرچە ئورنىغا قويۇشقا ئادەم يوق بولغاچقا، پادىشا ئۇنى زورۇقۇپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتاتتى ھەمدە چېرنىشېۋنىڭ دېكابىرچىلار ئەنزىسىنى سوتلىغاندا زاخار چېرنىشېۋنى① ئولتۇرۇشكە ھەركەت قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مال دۇنياسىنى ئىگەللىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئوتۇپ كەتكەن مۇتەھەم ئىكەن دەپ قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نىكولاينىڭ كەيپىنىڭ يامان بولۇپ قالغانلىقى سەۋەۋىدىن ھاجى مۇرات كاپكازدا قالدى. ئەگەر چېرنىشېۋ باشقا بىر ۋاقىتتا دوكلات قىلغان بولسا،

① زاخارگىرىگورىيېۋىچ چېرنىشېۋ (1796 — 1862) دېكابىرچىلار ئەنزىسىدە ئەيىپلەنگەن. ئۇ، قوزغىلاڭغا بىۋاستە قاتناشمىغان بولسىمۇ، "سىرنى ئېيتمىغان جىنايەت" بىلەن كېسىم قىلىنغان. جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، كاپكاز قىسمىغا ئەسكەرلىككە ئەۋەتىپ بېرىلگەن.

ئۇنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولغان بولاتتى.

سائەت توققۇز يېرىمدا، نولدىن تۆۋەن يىگىرمە گىرادۇسلۇق
تۇمانلىق سوغاقتا چېرنىشېۋنىڭ ئۇچلۇق يېشىل دۇخاۋا شەپكە كىيى-
گەن سېمىز، چاڭگا ساقال ھارۋىكىشى نىكولاي پاۋلوۋىچ① چۇشە-
دىغان چانىغا ئوخشاش كىچىككىنە چانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ،
قىشلىق سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ توختىدى. ئۇ دول-
گورۇكى كىنەزنى چانىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، مەيداننىڭ يېنىدا
ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولغان ۋە چانىنىڭ بوجىسىنى تېقىمىغا
بېسىپ، توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇگىلاپ ئولتۇرغان ھارۋىكەش
ئاغىنىسىگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

چېرنىشېۋ كوپۇپ تۇرغان، كەمچەت ياقىلىق كۇلرەڭ شىنېل،
خېلىلا پەدەز بىلەن كىيىلگەن ۋە خوراز پەيلىرى قادالغان ئۈچ
بۇرجەكلىك باش كىيىمى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ پۇتىنى
ئىسسىتىدىغان ئېيىق تېرىسىنى ئېچىپ، كالاچسىز (ئۇ كالاچ
كىيىش ئادىتى يوقلۇغى بىلەن ماختىناتتى) توڭلىغان پۇتلىرىنى
چانىدىن چىقىرىپ، ئوزىنى چىڭ تۇتۇپ، دىۋىتكۈچىنى جىرىڭ-
لىتىپ گىلەمنىڭ ئۇستىدە مېڭىپ، ئوزىگە ھورمەت بىلەن ئېچىل-
غان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. دالاندا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن
قېرى ساراي خىزمەتچىسىنىڭ قولىغا شىنېلىنى تاشلاپ بېرىپ،
ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇدرە قىلدۇرغان چېچىنى بۆزماي

---

① نىكولاي پاۋلوۋىچ — چار روسىيە پادىشاسى نىكولاي I.

پەم بىلەن باش كىيىمىنى ئالدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ، پاشادغانلارنىڭ ئادىتى بويىچە، چىكىسىگە چۈشكەن چاچلىرىنى، بويىنىدىكى كىرىستىنى ۋە ئۇنىۋان-دەرىجە بەلگىلىرىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن ئۆزىگە بوي سۇنمايدىغان پۇتلىرى بىلەن گىلەمنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ، پەلەمپەي بىلەن يۇقۇرىغا كۆتىرىلدى.

ئۇ مۇراسىم كىيىمى كىيىشىپ، ئىشىك يېنىدا قاتار تۇرۇپ ئۆزىگە تازىم قىلىپ ئېگىلىپ تۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ، قوبۇلخانىغا كىردى. نىكولاي پاۋلوۋىچنىڭكىگە ئوخشاش ماڭلاي چاچلىرى تولغان قىزىل يۈزىگە ياراشقان، ئۈستىۋېشى ۋاللداپ تۇرغان، يېپ-يېڭى ھەربى كىيىم كىيگەن، ئۇنىۋان-دەرىجە بەلگىسى تاقىغان، قارا بۇرۇتلۇق يىگىت-يېڭى تەيىنلەنگەن نۆۋەتچى ياساۋۇل ئەمەلدار چېرنىشېۋنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرىنىڭ سورۇن تەلەت، ساقال-بۇرۇتى ۋە ماڭلاي چاچلىرىنى نىكولايغا ئوخشاش پەدەزلىگەن ياردەمچىسى ۋاسىلى دولگورۇكى كىنەز چېرنىشېۋ كىرىپ كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى.

— L´empereur?[1] — دېدى چېرنىشېۋ ياساۋۇل ئەمەلدارغا بۇرۇلۇپ بولمىنىڭ ئىشىگىگە كۆز يۈگۈرتكەن ھالدا.

ياساۋۇل ئەمەلدار ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا زوقلىنىپ، ئۆزى دىققەت

---

① فرانسوزچە: پادىشا بارمۇ؟

بىلەن تىڭشىغانىدەك:

— Sa Majestê vient de rentrer[①]، — دىدى-دە، لىقمۇ-لىق سۇ توشقۇزۇلغان ئىستاكاننى بېشىغا قويۇپ قويىسمۇ توكۇلۇپ كەتمىگۇدەك يېنىك، سالماق قەدەم بىلەن مېڭىپ، ئۇنىسىز ئېچىلىدىغان ئىشىككە كەلدى ۋە غادايغان هالدا ئۆزى كىرىدىغان جايغا هورمەت بىلدۇرۇپ، ئاندىن ئىشىكنىڭ كەينىدە غايىپ بولدى.

دولگورۇكى بۇ ئارىدا ئۆزىنىڭ سومكىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى هوججەتلەرگە قاراشقا باشلىدى.

چېرنىشېۋ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، پادىشاغا دوكلات قىلىدىغان ئىشلارنى ئويلايتتى، چېرنىشېۋ بولمىنىڭ ئىشىگى يېنىغا كېلىپ تۇرغاندا، بولمىنىڭ ئىشىگى يەنە ئېچىلىپ، ياساۋۇل ئەمەلدار تېخىمۇ ئېچىلغان هالدا باشقىچە هورمەت بىلەن چىقىپ، مىنىستىرنى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسىنى پادىشا ئالىيلىرىنىڭ هوزۇرىغا كىرىشكە ئىشارەت قىلدى.

ئوت كەتكەن قىشلىق ساراي ئاللىقاچان ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىدى، نىكولاي يەنە ئۇنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە تۇراتتى. ئۇ مىنىستىرلار ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ دوكلادىنى نوت تەرتىپى ئەينەكلىك چوڭ بىر ئۆيدە ئاڭلايتتى. ئۇدۇلدىكى تامغا ئالېكساندىر I نىڭ يوغان سۈرىتى ئېسىلغان. دەرىزىلەرنىڭ

---

① فرانسۇزچە: ئالىيلىرى ھىلى قايتىپ كەلدى.

ئوتتۇرىسىغا ئىككى ئىش ئۇستىلى، تام ياقىلاپ بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر يېزىق ئۇستىلى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا نىكولاينىڭ تەختى ۋە قوبۇل قىلىنغۇچىلارغا ھازىرلاپ قويۇلغان بىرنەچچە ئورۇندۇق بار ئىدى.

كىچىككىنە پاگوندىن باشقا پاگونى يوق قارا مۇراسىم كىيىمى كىيگەن نىكولاي دومبىيىپ تۇرغان قوسىغىنى چىڭ تارتىپ باغلىغان ھالدا يوغان گەۋدىسىنى گىدەيتىپ ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھەركەتسىز، جانسىز كوزلىرى بىلەن كىرگەنلەرگە نەزەر سالاتتى. بىر ئەپلىك تۇتاشتۇرۇلۇپ، تاقىر بېشىنى يېپىپ تۇرغان، پاقىرتىپ تارالغان ماڭلاي چاچلىرى ئاستىدىكى كەڭ پېشانىلىك، ئۇزۇنچاق ئاق يۈزلىرى بۇگۈن بولەكچىلا سورۇن ۋە ھەركەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى نۇرسىز كوزلىرى ھازىر بولسا تېخىمۇ نۇرسىز كورۇنەتتى، يۇقۇرىغا بۇرالغان بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى يۇمۇقلۇق لەۋلىرى، ئىگىز ياقىسىغا تېگىپ تۇرغان، يېڭىلا قىرىلغان ساقاللىق سېمىز قوۋۇزلىرى، ياقىسىغا يېپىشىپ تۇرغان ئىڭەكلىرى ئۇنىڭ چىرايىغا نارازىلىق ھەتتا غەزەپلىك ئالامىتىنى بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەيپى ساز ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ھارغىنلىقتا، ھارغىنلىقىنىڭ سەۋەبى ئاخشامقى ماسكارادقا① قاتناشقانلىغىدا ئىدى؛ ئۇ بۇ

① ماسكاراد — ھەر خىل نىقاپلارنى تارتىپ، قىزىق-قىزىق كىيىملەرنى كىيىپ ئوتكۈزىدىغان كېچىلىك تانسا. — تەھرىردىن.

تانسىدا ئادەتتىكىدەكلا بېشىغا قۇشنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر دوبۇلغىسىنى كىيىپ، ئوزىنىڭ يېنىغا ئولىشىۋالغان، يوغان بەستىدىن ئۇركۇپ يول بوشىتىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كوزى نىقاپ تارتىۋالغان بىر خېنىمغا چۇشتى: ئالدىنقى قېتىمقى تانسىدا بۇ خېنىمنىڭ ئاپپاق بەدىنى، گۇزەل هوسنى-جامالى، يېقىملىق ئاۋازى نىكولايدا قېزىلىق هەۋىسىنى قوزغىغان، ئەمما خېنىم ئۇنىڭدىن ئوزىنى قاچۇرۇپ، كېلەر قېتىمقى تانسىدا كورۇشۇشكە ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئاخشامقى تانسىدا خېنىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، نىكولاينىڭ ئۇنى قويۇۋەتكۇسى كەلمىدى. نىكولاي ئۇنى ئوزى بىلەن خانىمى ئۇچۇن ئايرىم تەييارلانغان لوژىغا باشلىدى. ئۇن-تىنسىز مېڭىپ لوژىنىڭ ئىشىگىگە كەلگەندە، نىكولاي ئەتراپقا كوز يۇگۇرتۇپ، تىياتىر خىزمەتچىسىنى ئىزلىدى، لېكىن ئۇ يوق ئىدى. نىكولاي قوشۇمىسىنى تۇردى-دە، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، خېنىمنى ئاۋال كىرگۇزۇۋەتتى.

— I ly a quelqu'un ①، — دىدى نىقاپلىق خېنىم توختاپ. لوژا راستىنلا بوش ئەمەس ئىدى. بىر مىلتىقلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەپىتىسىرى ئۇزۇن كويىنەك كىيگەن، نىقاۋىنى ئېلىۋەتكەن، چىرايلىققىنا كەلگەن بۇدرە چاچلىق ياش بىر خېنىم بىلەن ماموق سافادا بىر بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. تاياقتەك قېتىپ

---

① فرانسۇزچە: ئىچىدە ئادەم باركەن.

تۇرغان ۋە غەزەپلەنگەن نىكولاينى كورگەن بۇدرە چاچ خېنىم دەرھال نىقاۋىنى تارتىۋالدى. ھىلىقى ئەپتىسەر قورقىنىدىن ئولتۇرغان پېتى نىكولايغا داڭقېتىپ قاراپلا قالدى.

نىكولاي كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا دىر-دىر تىترىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى ۋە بۇنداق تىترىتىش ئۇنى خۇرسەن قىلاتتى، ئۇ قورقۇپ كەتكەن كىشىلەرگە بەزىدە بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ھازىر شۇنداق قىلدى.

— قېنى، ئۇكا، سەن مېنىڭدىن ياشىراق، ئورنۇڭنى ماڭا بەرسەڭ، — دېدى ئۇ قورقىنىدىن ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان ئەپتىسەرگە.

ئەپتىسەر لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ساغىرىپ-تاتىرىپ، ئېگىلگەن پېتى خېنىمى بىلەن غىڭ قىلماي چىقىپ كەتتى.

نىقاپ تارتىۋالغان بۇ يىگىرمە ياشلاردىكى گۈزەل قىز شۇۋىت-سىيىلىك ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ نىكولايغا ئۆزىنىڭ بالا چاغلىرىدا ئۇنىڭ سۈرىتىنى كورۇپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشۈشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتتى. مانا ھازىر ئۇ ئارمىنىغا يەتتى ۋە ئۆزىگە ئەمدى ھېچنىمە كېرەك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. نىكولاي بۇ قىزنى دائىم ئاياللار بىلەن بىللە تۇرىدىغان پىنھان يەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سائەتتىن ئار-تۇق ۋاقىت بىللە بولدى.

نكولاي كېچىسى ئۆزىنىڭ خانەسىگە يېنىپ كېلىپ، قاتتىق تار كارۋىتىدا ياتتى — ئۇ مۇشۇنداق يېتىشى بىلەن ماختىناتتى، ئۈستىگە پىلاشنى ياپتى، ئۇ بۇ پىلاشنى ناپالېئونىنىڭ شىلەپىسىگە ئوخشاش قىممەتلىك ھېساپلايتتى ۋە شۇنداق دەپ يۈرەتتى؛ ئۇزاققىچە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ، بىر دەم ھېلىقى قىزنىڭ ھەم قورقۇنچ، ھەم خوشاللىق قاپلىغان ئاپپاق يۈزىنى ئويلىسا، بىر دەم ئۇ دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ياتىدىغان ئاشنىسى نېلىدوۋانىڭ قاۋۇل ۋە تولۇق دولىسىنى ئويلاپ، ئۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇراتتى. خوتۇنى بار كىشىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىگى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمايتتى، ئەگەر بىرەر كىشى ئۇنى بۇ توغرىلىق ئەيىپلىسە، ئۇ ئىنتايىن ھەيران قالغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغىنى توغرا دەپ ئىشەنمىسىمۇ، كۆڭلىدە بىر خىل غەشلىك پەيدا بولدى، ئۇ بۇ غەشلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن دائىم ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان ئىش يەنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىغى توغرىلىق ئويلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ ناھايىتى كەچ ئۇخلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئادەتتىكىدەك سائەت سەككىزدە ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىگە پەدەز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇغان، سېمىز بەدىنىنى مۇز بىلەن سۈرتۈپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، كىچىكىدىن تارتىپ بىلىدىغان "بوگورودىتسا"، "ۋېرۇيۇ"، "ئوتچې ناش" دۇئالىرىنى مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىگى بىلەن ھېساپلاشمايلا ئوقۇدى-دە، شىنېل بىلەن شەپكىسىنى

كىيىپ، دەريا بويىغا چىقتى.

ئۇ دەريا بويلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بەستىلىك كەلگەن، رەسمىي كىيىم ۋە شەپكە كىيىگەن قانۇن مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئەركىن پىكىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ھىلىقى مەكتەپ پورىمىسىنى كورۇپ قوشۇمىسىنى تۇردى، لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئېگىز بويى، تىك تۇرۇشى ۋە قاتتىق ئېگىلىپ تازىم قىلىشى نىكولاينىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتتى.

— پەملەڭ نىمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— پولوساتوۋ، پادىشا ئالىلىرى.

— يارايسەن!

ھىلىقى ئوقۇغۇچى چىكىسىگە كوتىرىلگەن قولىنى چۈشۈرمەستىن قېتىپ تۇراتتى. نىكولاي توختىدى.

— ئەسكەر بولۇشنى خالامسەن؟

— ياق، پادىشا ئالىلىرى.

— ئەخمەق!

نىكولاي قايرىلىپ ئوز يولىغا كەتتى. ئۇ ئاغزىغا كەلگەن سوزلەرنى ۋاقىراپ ئېيتىشقا باشلىدى، "كوپېرۋېيىن، كوپېرۋېين" دەپ ئاخشامقى قىزنىڭ ئېتىنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. "بەدبەخت، بەدبەخت" دەپ قويدى. ئۇ ئوزىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى، لېكىن مۇشۇ ئارقىلىق ئوزىنىڭ ھىسسىياتىنى باساتتى. "شۇنداق، ئەگەر مەن بولمىسام، روسىيە



www.uyghurkitap.com

قانداق بولاتتى، — دىدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن، — شۇنىداق، ئەگەر مەن بولمىسام، روسىيىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ياۋروپا قانداق بولاتتى." شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قېيىنىنىسى پرۇسسىيە پادىشاسىنى، ئۇنىڭ ئاجىز، ئەخمەقلىغىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز بېشىنى چايقىدى.

ئۇ قايتىپ قىشلىق سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئېلىنا پاۋلوۋنانىڭ① مەپىسىنى كوردى. قىزىل كىيىملىك خىزمەتچى مەپىنى سالتىكوۋىسكى دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئېلىنا پاۋلوۋنا ئۇنىڭ نەزىرىدە پەن، شېئىرىيەت توغرىلىقلا ئەمەس، ھەتتا سىياسى توغرىلىقمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نىكولايدىنمۇ ياخشى باشقۇرالايمىز، دەپ خىيال قىلىشىدىغان كارغا يارىماسلارنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. ئۇ بۇ كىشىلەرنى قانچە باسسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنە لەيلەپ چىقىدىغانلىغىنى، ھەتتا لەيلەپ سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدىغانلىغىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېقىندا ۋاپات بولغان ئىنىسى مىخائىل پاۋلوۋىچىنى② ئەسلەپ كوڭلى بۇزۇلۇپ، قايغۇغا

---

① ئېلىنا پاۋلوۋنا (1806 — 1873) كېنەز مىخائىل پاۋلوۋىچنىڭ خوتۇنى بولۇپ، لىبىراللىق خاھىشى بىلەن 1861 - يىل 9 - دېكابىردا يانچىلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەركىتىگە قاتناشقان.

② مىخائىل پاۋلوۋىچ (1789 — 1848) نىكولاي 1 نىڭ ئىنىسى، دېكابىرچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان، پولشا قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغان.

www.uyghurkitap.com

چومدى. چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە يەنە ئاغزىغا كەلگىنىچە پىچىرلاشقا باشلىدى. ئۇ سارايىغا كىرىپلا، پىچىرلاشتىن توختىدى. ئۆزىنىڭ خانەسىگە كىرىپ، ئەينەك ئالدىدا چېكە چاچلىرىنى ۋە ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرغان يالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، بۇرۇتلىرىنى بۇراپ، ئاندىن ئۇدۇل دوكلات ئاڭلايدىغان بولمىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئاۋال چېرنىشېۋنى قوبۇل قىلدى. چېرنىشېۋ ئۇنىڭ چىراي-تۇرقىدىن، بولۇپمۇ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى كەيپىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى شۇ ھامان سەزدى ۋە ئاخشامقى ئىشنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ كەيپىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ سەۋۋسىنى چۈشەندى. نىكولاي چېرنىشېۋ بىلەن سوغاققىنا سالاملىشىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، جانسىز كۆز-لىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

چېرنىشېۋ دوكلادىدا ئاۋال ھەربى تەمىنات ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوغرىلىق ئەنزىسى، ئاندىن كېيىن پروسسىيە چېگرىسىدىكى ئەسكەرلەرنى يوتكەش مەسىلىسى، بىرىنچى قېتىملىق روپىخەتتىن چۈشۈپ قالغان، يىل ئاخىرىدا مۇكاپاتلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىم-لىكى ھەم ۋورونتسوۋنىڭ ھاجى مۇراتنىڭ ئەل بولغانلىقى ھەققى-دىكى دوكلادى توغرىلىق، ئاخىردا تىببى ئىنستىتۇتنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ پىروفېسسورنى ئولتۈرۈشنى قەستلىگەن كوڭۇل-سىز ئىشلار توغرىلىق سوزلىدى.

نىكولاي ئۇنچۇقماستىن لەۋلىرىنى چىشلەپ، ياقۇت كوزلۈك

ئالتۇن ئۇزۇك سالغان يوغان ھەم ئاپپاق بارمىقى بىلەن قەغەز-لەرنى ۋاراقلاپ، چېرنىشېۋنىڭ پېشانىسى ھەم ئۇنىڭ ماڭلاي چېچىدىن كوزىنى ئۇزمەي، ئوغرىلىق ئەنزىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى.

نىكولاي ھەممە ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنەتتى. ئۇ ھازىر بۇ ئەمەلدارلارنى جازالاش كېرەكلىكىنى بىلدى ۋە ئۇلارنى ئەسكەرلىككە چۇشۇرۇشنى قارار قىلدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن بوشىتىلغانلارنىڭ ئورنىغا قويۇلغانلار-نىڭمۇ بۇنداق ئىشنى قىلىشنىڭ چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمەلدارلارنىڭ تەبىتى ئوغرىلىق، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنى جازالاش ئىدى، بۇ ئىش ئۇنى قانچە زېرىكتۇرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئوزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلاتتى.

— بىزنىڭ روسسىيەدە پەقەت بىرلا پاك ئادەم بار، — دىدى ئۇ.

چېرنىشېۋ روسسىيەدىكى بىردىن-بىر پاك ئادەم نىكولاينىڭ ئوزى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۇشىنىپ، ئۇنى تەستىقلاپ كۇلۇمسىرىدى ۋە:

— شۇنداق، ئالىلىرى، — دىدى.

— بولدى، مەن تەستىقلاپ بېرەي، — دىدى نىكولاي قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەلنىڭ سول تەرىپىگە قويۇپ.

ئاندىن كېيىن چېرنىشېۋ مۇكاپاتلاش ۋە ئەسكەر يوتكەش مەسىلىسى توغرىلىق سوزلىدى. نىكولاي رويخەتنى كورۇپ، بىرنەچچە ئىسىمنى سىزىپ تاشلىدى، ئاندىن قىسقا، كەسكىن

قىلىپ، ئىككى شىنى پرۇسسىيە چېگرىسىغا يوتكەش توغرىسىلىق بۇيرۇق بەردى.

نىكولاي پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ 1848 ـ يىلىدىن كېيىن چىقارغان ھىلىقى قانۇننى ھەرقانداق قىلىپمۇ كەچۈرەلمەيتتى، شۇڭا خەت يېزىپ ۋە ئاغزىدا قېيىنىنىسىغا ئەڭ يېقىن دوستلۇق مۇھەببىتىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن پرۇسسىيە چېگرىسىدا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئەسكەر تۇرغۇزۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. بۇ ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگەر پرۇسسىيە خەلقى توپىلاڭ (نىكولايغا ھەممە يەردە توپىلاڭغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى) كوتەرسە، ئاۋستىرىيىنى قوغداپ، ۋېنگىرلارغا قارشى ئەسكەر ئەۋەتكەندەك ئەسكەر ئەۋەتىپ، قېيىنىنىسىنىڭ تەختىنى قوغداشتا كېرەك بولاتتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پرۇسسىيە پادىشاسىغا بولغان ساداقىتىنىڭ سالمىقى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ چېگرىدا بۇ ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇشى زۆرۈر ئىدى.

"شۇنداق، ئەگەر مەن بولمايدىغان بولسام، روسىيە قانداق بولۇپ كېتەتتى" دەپ ئويلىدى ۋە:

ـــ يەنە بارمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ.

ـــ كاپكازدىن كەلگەن بىر مەخپى خەت بار، ـــ دېدى چېرنىشېۋ، شۇنىڭ بىلەن ۋورونتسوۋنىڭ ھاجى مۇراتنىڭ ئەل بولغانلىقى توغرىسىدا يازغانلىرىنى سوزلەشكە باشلىدى.

ـــ ھە، مۇنداقمۇ، ـــ دېدى نىكولاي، ـــ ياخشى باشلىنىش بوپتۇ.

— ئالىلىرى تۈزگەن پىلان مۇە بىرىشكە باشلىدى، — دىدى چىرنىشىۋ.

ئوزىنىڭ ئىستىراتىگىيە جەھەتتىكى قابىلىيىتىنىڭ بۇنداق، ماختىلىشى نىكولاينى ئالاھىدە خوش قىلدى، چۈنكى ئۇ ئوزىنىڭ ئىستىراتىگىيە جەھەتتىكى قابىلىيىتىدىن پەخىرلىنەتتى، لىكىن ئۇ ئوزىنىڭ بۇنداق قابىلىيىتىنىڭ يوقلۇغىنى بىلەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئوزىنى تىخىمۇ ئىنچىكىلەپ ماختاشنى ئاڭلىغۇسى كەلدى.

— سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مىنىڭ قارىشىم مۇنداق: ئەگەر بۇرۇنلا ئالىلىرىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلىپ، ئورمانلارنى كىسىپ، زاپاس ئاشلىقنى قۇرۇتۇپ، ئاستا بولسىمۇ قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەش يولىنى تۇتقان بولساق، كاپكازنى ئاللىقاچان بوي سۇندۇرۇپ بولغان بولاتتۇق. ھاجى مۇراتنىڭ بوي سۇنۇشىمۇ مۇشۇنىڭدىن دەيمەن. ئۇ ئوزلىرىنىڭ بەرداشلىق بىرەلمەيدىغانلىغىنى بىلگەن.

— توغرا، — دىدى نىكولاي.

دۇشمەن تەۋەلىگىدىكى ئورمانلارنى كىسىپ، ئاشلىقنى قۇرۇتۇپ، قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەش يىرمولوۋ بىلەن ۋېلىيامنوۋنىڭ پىلانى بولۇپ، ئۇ نىكولاينىڭ پىلانىنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىچە ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە بولغاندا، شامىلنىڭ يىرىنى بىراقلا بىسىۋىلىپ، قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىش كىرەك ئىدى ۋە شۇ پىلان بويىچە 1845-يىلى نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىشىغا چىققان دارگىن يۈرۈشى بولغان ئىدى. شۇنداق

بولۇشىغا قارىماي، قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئورمانلارنى كېسىپ، ئاشلىقنى قۇرۇتۇش پىلانىنى نىكولاي ئوزىنىڭ قىلىنىۋالغان ئىدى. ئاستا ئىلگىرىلەش، ئورمانلارنى كېسىپ، ئاشلىقنى قۇرۇتۇش پىلانىنىڭ ئوزىنىڭ پىلانى ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇش ئۇچۇن، ئوزىنىڭ 1845-يىلىدىكى ھىلىقى تامامەن ئەكسىچە بولغان ھەربى تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى يوشۇرۇشى لازىم بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ بۇنى يوشۇرالمايتتى ۋە 1845-يىلدىكى يۈرۈش پىلانى بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەش پىلانىنىڭ بىر بىرىگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق قارىمۇ-قارشى كېلىدىغانلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئىككىلىسى بىلەن ماختىناتتى. ئۇنىڭ ئوپچورىسىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا دائىم ئاپ-ئاشكارا خوشامەت قىلغاچقا، ئۇ ئوزىدىكى زىددىيەتلەرنى كورمەيدىغان، ئوزىنىڭ سوز-ھەركىتىنىڭ ئەملىيەتكە، مەنتىقىگە ھەتتا ئەقىللى ساۋاتقىمۇ سىغمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئەكسىچە، ئوزىنىڭ بارلىق ئەمىر-پەرمانلىرى، مەيلى ئۇ ھەرقانچە تۇترۇقسىز، ئادىل ئەمەس، چاكىنا بولسىمۇ، ئۇ ئوز ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەھمىيەتلىك، يوللۇق، بىر بىرىگە باغلىنىشلىق دەپ ھىساپلايتتى.

ئۇنىڭ بۇ قېتىم تاشقى كېسەللىكلەر تىببى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى توغرىسىدىكى قارارىمۇ شۇنداق بولدى. چېرنىشېۋ كاپكاز ئىشلىرى توغرىسىدا دوكلات قىلىپ ئوتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى توغرىلىق دوكلات قىلدى:

ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى: بىر ئوقۇغۇچى ئىككى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، ئۈچىنچى قېتىم ئىمتىھان بېرىدۇ، ئىمتىھان ئالغۇچىلار ئۇنى يەنە ئۆتكۈزمەيدۇ. كالللىسىنىڭ دەردى بار بۇ ئوقۇغۇچى ئۇنى ناھەقچىلىق دەپ بىلىپ، تەلۋىلىكى تۇتۇپ، قېرىنداش ئۇچلايدىغان قەلەمتۇرىچىنى ئېلىپ پىروفېسسورغا ئېتىلىپلا ئۇنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئاز-تولا جاراھەتلەندۈرىدۇ.

— ئۇنىڭ پەمىلىسى نىمە؟ — دەپ سورىدى نىكولاي.

— بژېزوۋىسكى.

— پولەكما؟

— پولشىلىق، كاتولىك دىنىنىڭ ئېتىقاتچىسى، — دىدى چېرنىشېۋ جاۋاپ بېرىپ.

نىكولاينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

ئۇ پولەكلەرگە ناھايىتى كوپ يامانلىق قىلغان ئىدى. بۇ يامانلىقنى توغرا دىيىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پولەكلەرنىڭ ھەممىسى يامان دەپ ئىشىنىشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا نىكولاي ئۇلارنى شۇنداق ھىساپلايتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا قىلغان يامانلىغىنىڭ كوپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان ئوچمەنلىكىمۇ ئېشىپ باراتتى.

— سەل تۇرۇپ تۇر، — دىدى ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى توۋەن قىلىپ.

چېرنىشېۋ نىكولاينىڭ بۇنداق گېپىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا ھەر قېتىم مۇھىم مەسىلىلەرنى قارار قىلىدىغان چاغدا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بىرنەچچە مىنۇت جىمىپ كېتىپ، كۆڭلىدە قانداقتۇ بىر سادا ئۇنىڭغا نىمە قىلىشنى دەپ بەرگەندەك، ئىلھامى كەلگەندىلا تەبىي يوسۇندا ئەڭ توغرا بىر قارارغا كېلىدىغانلىغىنى بىلەتتى. ئۇ ھازىر بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەقەسى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا قىلغان تۇيغۇسىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ تولۇق قانائەتلەندۈرۈش ئۈستىدە ئويلايتتى، كۆڭلىدىكى سادا ئۇنى مۇنداق قارار چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ھېلىقى دوكلاتنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاق يېرىگە يوغان خەتلىرى بىلەن مۇنداق دەپ يازدى: "**ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك ئىدى، لېكىن، ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن بىزدە ئۆلۈم جازاسى يوق، مەنمۇ ئۆلۈم جازاسىنى قوللىنىشنى راۋا كۆرمەيمەن. ئۇ قاتار تۇرغان مىڭ ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۇن ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلسۇن. ① نىكولاي.**" ئۇ ئەپلەشمىگەن يوغان ھەرپلەر بىلەن ئىمزا قويدى.

نىكولاي ئۇن ئىككى مىڭ قېتىم ئۇرۇشنىڭ كەم-كوتىسىز ئېغىر جازا بولۇپلا قالماي، ھەددىدىن زىيادە ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىغىنىمۇ، چۈنكى بىلەن بەش مىڭ قېتىم ئۇرغاندا ئەڭ قاۋۇل ئادەمنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىغىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ رەھىمسىز ئادەم

---

① بۇ — بىر خىل دەھشەتلىك جازا. جازالانغۇچى قاتار تۇرغان مىڭ ئەسكەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھەر بىر ئەسكەر ئۇنى چىۋىق بىلەن بىردىن ئۇرىدۇ.

بولغانلىغى ۋە بىزدە ئۇلۇم جازاسى يوق دەپ ئويلايدىغانلىغى بىلەن خوشال بولاتتى.

ئۇ، ئوقۇغۇچى توغىرىلىق تەستىق يېزىپ بولۇپ، ئۇنى چېرنىشېۋنىڭ ئالدىغا سۇنۇپ دىدى:

— مانا، ئوقۇغىن.

چېرنىشېۋ ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ھىكمەتلىك قارارغا ئېھتىراملىق ئەجەپلىنىشنى بىلدۇرۇپ، بېشىنى ئەگدى.

— بارلىق ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا ئېلىپ بېرىلىپ، جازالاشقا قاتناشتۇرۇلسۇن، — دىدى نىكولاي قوشۇمچە قىلىپ.

"بۇ ئۇلارغا پايدىلىق، مەن بۇنداق ئىنقىلاۋي روھنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىمەن" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

— خوپ، خوپ، — دىدى چېرنىشېۋ بىر پەس ئويغا چوكۇپ، ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ، ئاندىن كاپكاز ئەھۋالى توغرىلىق دوكلات قىلىشقا باشلىدى.

— مىخائىل سېمونوۋىچقا قانداق پەرمانىڭىز باركىن؟

— قەتئىي مېنىڭ سىياستىم بويىچە ئىش قىلسۇن: ئويلەرنى كويدۇرۇپ، چېچېنلەرنىڭ ئاشلىغىنى قۇرۇتۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مالىمان قىلىۋېتىش كېرەك، — دىدى نىكولاي.

— ھاجى مۇرات توغرىلىق قانداق پەرمانىڭىز باركىن؟ — دەپ سورىدى چېرنىشېۋ.

— ۋورونتسوۋ كاپكازدا ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغانلىغىنى

يېزىپتىغۇ؟

— بۇ سەل قاراملىق بولامدۇ، قانداق؟ — دېدى چېرنىشېۋ نىكولاينىڭ كوزىدىن ئۇزىنى قاچۇرۇپ، — مەن مىخائىل سىمونوۋىچ ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتتىمكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنداقتا، سىنىڭ ئويۇڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى نىكولاي چېرنىشېۋنىڭ ۋورونتسوۋنىڭ تەدبىرىنى يامان كورسەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ كەسكىن تۇردە.

— مەن ئۇنى روسىيىگە ئەۋەتىۋېتىش بىخەتەررەك بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— سەن ئويلايسەن، — دېدى نىكولاي مەسخىرىلىك كۇلۇپ، — مەن ئويلىمايمەنما، مەن ۋورونتسوۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، ئۇنىڭغا شۇنداق ياز.

— خوش، خوش، — دېدى چېرنىشېۋ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە تازىم قىلىپ خوشلاشتى.

پۇتۇن دوكلات داۋامىدا نىكولاينىڭ ئەسكەر يوتكەش توغرىسىدىكى بىرنەچچە سوئالىغا جاۋاپ بەرگەن دولگورۇكىمۇ تازىم قىلىپ خوشلاشتى.

چېرنىشېۋدىن كېيىن غەربىي چېگرا ئولكىنىڭ باشلىقى بىبىكوۋ قوبۇل قىلىندى. نىكولاي بىبىكوۋنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنىنى قوبۇل قىلماي تopىلاڭ كوتەرگەن دېھقانلارغا①

---

① دىنىنى قوشۇۋېتىش تەرەپدارى بولغان دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭى

قوللانغان چارىسىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا بوي سۇنمىغان پۇقرالار-نىڭ ھەممىسىنى ھەربى سوت بويىچە ھوكۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ، ئۇلارنى "سەپ ئارىسىدىن ئوتكۇزۇش"كە ھوكۇم قىلغانلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەچچە مىڭلىغان ئەركىن دېخاننى① خانلىق يەرنىڭ قۇللىرى قاتارىغا كىرگۇزگەنلىكى خەۋىرىنى بېسىپ تارقاتقان بىر گېزىتنىڭ مۇھەررىرىنى ئەس-كەرلىككە ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدىمۇ بۇيرۇق چۈشۈردى.

— مەن شۇنداق قىلىشنى لايىق كورگەنلىكىم ئۇچۇن شۇن-داق قىلىمەن، — دىدى ئۇ، — ھېچقانداق كىشىنىڭ بۇ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

بىسكوۋ دىنىنى قوشۇۋېتىش تەرەپدارلىرىغا بېرىلگەن چارىنىڭ نەقەدەر قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇ چاغلاردىكى بىردىن-بىر ئەركىن دېخانلار — دولەت دېخانلىرىنى پادىشانىڭ قۇللىرى قىلىۋېلىشىنىڭ نەقەدەر ناھەقچىلىق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن قارشى تۇرالمىدى. نىكولاينىڭ بۇيرۇقىغا قوشۇلماس-لىق قىرىق يىلدىن بۇيان ئېرىشكەن ۋە ھازىرمۇ بەھرىمەن

كوزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىنى قوشۇۋېتىش تەرەپدارلىرى پراۋوسلاۋىيە دىنى بىلەن كاتولىك دىنىنى قوشۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان دىنى مەزھەپ. ھوكۇمەت ئۇلارنى پراۋوسلاۋىيە دىنىغىلا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقتىن، ئۇلار قوزغىلاڭ كوتەرگەن.

① دولەت دېخانلىرى — دولەت يېرىنى تېرىيدىغان ئەركىن دېخانلار.

www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتقان يۇقۇرى مەرتىۋىدىن قۇرۇق قىلىش دىگەنلىك بولاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ رەھىمسىز، غالجىر، ۋىجدانسىز ئالى هوكۇمرانىنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ، ئاق چۇشكەن بىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەگدى.

نىكولاي بىبىكوۋنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كىيىن، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىدىن رازى بولۇپ، كىرىلدى ۋە سائىتىگە قارىدى-دە، سىرتقا چىقىش ئۇچۇن كىيىنىشكە ماڭدى. ئۇ پاگون، ئوردىن، پوپۇكلەر ئىسىلغان كىيىمىنى كىيىپ، كىشىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان زالغا چىقتى، ئۇ يەردە هەربىرىچە كىيىنگەن يۇزدىن ئارتۇق ئەر ۋە مەيدىسى ئوچۇق كوينەكلەرنى كىيگەن خوتۇن-قىزلار بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدا قاتار تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ چىقىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتۇپ تۇراتتى.

قاتتىق قىسىپ باغلانغان پوتىسىنىڭ ئاستىدىن قوسۇغى دومبىيىپ چىقىپ تۇرغان، كوزلىرىنىڭ خۇنى قالمىغان نىكولاي مەيدىسىنى كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى، هەممەيلەنىنىڭ ئۇزىگە تىكىلىپ، قۇللارچە باش ئىگىپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ، ئوزىنى تىخمۇ هەيۋەتلىك كورسەتتى. ئۇ تونۇش چىرايلارنى كورگەندە، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ توختىدى، تۇرۇپ رۇسچە، تۇرۇپ فرانسۇزچە سوزلەپ، سورۇن، جانسىز كوزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ، ئۇلارنىڭ سوزلىرىنى تىڭشىدى.

نىكولاي يىڭى يىل تەبرىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن

كېيىن، ئىبادەتخانىغا ماڭدى.

خۇدامۇ ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى بولغان پوپلارنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق نىكولايغا سالام بەردى ۋە ئۇنى ماختىدى. بۇ سالام ۋە ماختاشلار ئۇنى زېرىكتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇلارنى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردەك قوبۇل قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، چۈنكى پۈتۈن دۇنيانىڭ تېچلىقى ۋە بەخت ــ سائادىتى ئۇنىڭغا باغلىق ئىدى، بۇ ئىشلار ئۇنى زېرىكتۈرسىمۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ياردىمىنى كۆرسىتىشتىن باش تارتمايتتى. ئىبادەت ئاخىرلاشقاندا، چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، كىيىملىرى ئۆزىگە ياراشقان ياردەمچى ئىسرىقچى "ئۇزۇن ئۆمۈر" تىلەپ توۋلىدى، ئىنجىل ئوقۇۋاتقانلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنىڭ ئاۋازىغا جۆر بولدى، بۇ چاغدا نىكولاي ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، دەرىزە تۈۋىدە تۇرغان نېلىدوۋانى ۋە ئۇنىڭ تولغان مۈرىلىرىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا پايدىلىق تەرەپتىن ئۇنى ئۇنىڭكىنىڭكى ھىلىقى قىز بىلەن بىر قۇر سېلىشتۇردى.

ئۇ چۈشلۈك ئىبادەتتىن كېيىن خانىشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، خوتۇنى ۋە بالىلىرىنى ئەكىلىپ، ئۇيىنىتىپ، ئۇيىدە بىرنەچچە مىنۇتنى ئۆتكۈزدى. ئاندىن كېيىن ئېرمىتاژنى① ئايلىنىپ،

---

① ئېرمىتاژ ــ قىشلىق سارايغا تۇتاش ئىمارەت، ھازىر گۈزەل سەنئەت كورگەزمىخانىسى.

ئۇردا ۋەزىرى ۋولكونسكىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە باشقا ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، تۇنۇگۇنكى ھېلىقى قىزنىڭ ئانىسىغا ئوز پۇلىدىن يىللىق پېنسىيە پۇلى بېرىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە ئايلىنىپ كېلىشكە كەتتى.

بۇ كۈنى چۈشلۈك غىزا پومپى زالىدا① تەييارلانغان ئىدى؛ زىياپەتكە نىكولاينىڭ نىكولاي، مىخائىل دېگەن ئىككى ئوغلىدىن باشقا، كىنەز لىۋېن، گراف رژېۋۇسكى، دولگورۇكى، پرۇسسىيە ئەلچىسى بىلەن پرۇسسىيە پادىشاسىنىڭ ياساۋۇلى تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

خانىش بىلەن پادىشانى كۈتۈپ ئولتۇرغان چاغدا، پرۇسسىيە ئەلچىسى بىلەن كىنەز لىۋېن يېقىندا پولشىدىن ئېلىنغان ئەنسىز خەۋەرلەر توغرىلىق قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

—La Pologne et le Caucase, ce sont les deux *cautêres de la* Russie, *Il nous faut* cent mille hommes a peu prês dans ehacun de ces deux pays.②

دېدى لىۋېن.

---

① پومپى زالى قىشلىق سارايدىكى چوڭ زال، بۇ زال ۋە ئۇنىڭ ئىسكىناتى قەدىمقى رىمنىڭ پومپى شەھرىنىڭ ئىسكەتىدە ياسالغان.

② فرانسۇزچە: پولشا بىلەن كاپكاز روسىيىنىڭ ساقايمىغان ئىككى يارىسى. بۇنىڭ ھەر بىرىگە ئاز دېگەندە يۈز مىڭ ئادەم كېرەك.

ئەلچى بۇ گەپلەرگە ھەيران قالغاندەك بولۇپ دېدى:

—Vous ditesla pologne[①].—

—Oh, oui, e' était un coup de maitre de Maeternich de nous en avoir laissê d' ambarras…[②]

سوز شۇ يەرگە كەلگەندە خانىش كىرىپ كەلدى، ئۇ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، يېقىمسىز كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن نىكولاي كىردى.

تاماق ۋاقتىدا نىكولاي ھاجى مۇراتنىڭ ئەل بولغانلىغى، ئۆز ئىنىڭ ئورمانلارنى كېسىپ ئىستىھكام ياساپ، تاغلىقلارنى بارا-بارا قامال قىلىش سىياسىتى ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، كاپكاز ئۇرۇشى ھازىر ئاياقلىشاي دەپ قالغانلىغىنى سوزلىدى.

ئەلچى بىلەن پرۇسسىيىنىڭ ياساۋۇلى كوز قىسىشتى، بۇگۈن ئەتىگەن ئىككىسى نىكولاينىڭ ئوزىنى ئۇلۇغ ئىستىراتېگىيىچى ھىساپلىشى ئۇنىڭ كوڭۇلسىز بىر ئاجىزلىغى دېيىشكەن ئىدى، نىكولاينىڭ ئۇلۇغ ئىستىراتېگىيە تالانتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان بۇ پىلاننى مانا ئەمدى تازا ماختاشتى.

تاماقتىن كېيىن نىكولاي بالىت تىياتىرىغا باردى، بۇ يەردە تار-تارچۇق ئىشتان كىيگەن يۈزلىگەن يالىڭاچ ئايال مارشقا

---

① فرانسۇزچە: سىز پولشىنى دەمسىز؟

② فرانسۇزچە: ھە، توغرا، بۇ مېتتېرنىچ بىزگە بىر قىيىن مەسىلىنى قويدى.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبېكىتى

دەسسەۋاتاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئايال ئۇنىڭغا باشقىچىلا قاراپ كەتتى، نىكولاي دىرىژورنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ئۇنىڭغا بىرلىيانت كوزلۇك ئۈزۈك تەقدىم قىلىشنى تاپىلىدى.

ئەتىسى چېرنىشېۋ پادىشاغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا، نىكولاي ھاجى مۇرات ئۆتكەندىن كېيىن، چېچېنلەرنى باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىستىھكاملار بىلەن ئۇلارنى قىسىش توغرىلىق ۋورونتسوۋقا بەرگەن بۇيرۇغىنى تەكرارلىدى.

چېرنىشېۋ ۋورونتسوۋقا مۇشۇ بويىچە خەت يازدى، شۇنداق قىلىپ يەنە بىر مەخپى ئەلچى نۇرغۇنلىغان ئاتنى كېرەكتىن چىقىرىپ، قانچە-قانچىلىغان ھارۋىكەشنىڭ يۈزلىرىنى يارا قىلىپ، تىفلىسقا يۈرۈپ كەتتى.

## 16

نىكولاي پاۋلوۋىچنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، 1852-يىلنىڭ يانۋار ئېيىدا چېچېنلەرگە قارشى ھۇجۇم باشلاندى.

ھۇجۇم قىلىشقا بەلگىلەنگەن قىسىم توت يىلىك پىيادە ئەسكەر، كازاك ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر ۋە سەككىز زەمبىرەكتىن تەشكىللەنگەن ئىدى. كالوننا چوڭ يول

بىلەن ماڭدى. كالوننىڭ ئىككى تەرىپىدە پۈتلىرىغا ئۈزۈن قون-
چىلىق ئۆتۈك، ئۇچىسىغا كالتە جۇۋا كىيگەن، مۈرىسىگە مىلتىق ۋە
ئوقدان ئاسقان پاپاخلىق ئەسكەرلەر سېپى جىلغىنى بويلاپ ئۈزۈل-
مەي كېلەتتى. قىسىم دۈشمەن يېرىدە ھەرقاچانقىدەك جىمجىت
مېڭىشقا تىرىشاتتى. پەقەتلا بەزى-بەزىدە ئازگاللارغا چۈشۈپ
كەتكەن زەمبىرەك چاقىنىڭ سىلكىنىپ تاراق-تۇرۇق قىلىشى،
ياكى زەمبىرەكچىلەرنىڭ جىمجىتلىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى
بۇيرۇقنى ئۇقمايدىغان ئاتلىرىنىڭ پۇشقۇرۇشى ۋە كىشنەش-
لىرى، تارقاق ئەسكەرلەر سېپى ئۈزۈن سوزۇلۇپ كەتكەنلىگى
ياكى كالوننىغا بەك يېقىنلاپ يا يىراقلاپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن،
باشلىقنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئەيىپلەپ چىقىرىغان بوغۇق
ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بىر قېتىملا جىمجىتلىق بۇزۇلدى:
تارقاق ئەسكەرلەر سېپى بىلەن كالوننا ئارىسىدىكى پاكار چاتقال-
لىق ئارىسىدىن قوسۇغى بىلەن ساغرىسى ئاق، دۈمبىسى كۆلرەڭ
بىر چىشى جەرەن ھەم رەڭگى شۇنىڭغا ئوخشاش، مۈڭگۈزى كەي-
نىگە قايرىلغان بىر ئەركەك جەرەن سەكرەپ چىقىپ كەلدى. بۇ
ئوماق، قورقۇنچاق ھايۋانلار ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىپ سەكرىشىپ،
كالوننىغا تازا يېقىن كېلىپ قالدى. بىرنەچچە ئەسكەر ئۇلارغا
نەيزە سانچىماقچى بولۇپ، كۆلە-كۆلە ۋاقىرىشىپ، ئۇلارنى
قوغلىدى، لېكىن جەرەنلەر كەينىگە بۇرۇلۇپ تارقاق سەپتىن
ئوتۇپ، قوغلاپ كەلگەن بىرنەچچە ئاتلىق ئەسكەر ۋە لىيەن
ئىشتاۋىنىڭ ئىتلىرىدىن قېچىپ، قۇشتەك غۇيۇلداپ تاغ تەرەپكە

كەتتى.

تېخى قىش كۈنى بولسىمۇ، كۈن ئىگىز كۆتۈرۈلگەن ئىدى، چۈش ۋاقتى، ئەتىگەندىلا يولغا چىققان قىسىم ئۇن چاقىرىم يولنى باسقاندا، كۈن ئىسسىتىشقا باشلىدى. كۈننىڭ نەيزىگە ۋە زەمبىرەكنىڭ مىس قىپىغا چۈشكەن شولىسى خۇددى كىچىك قۇياشتەك پاقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

كەينى تەرەپ قىسىم ھىلىلا ئۆتكەن تېز ئاقىدىغان، سۈيى سۈزۈك دەريا، ئالدى تەرەپ ئېتىزلىق ۋە ئوتلاق ھەم تېيىز جىلغا ئىدى؛ ئۇنىڭ نېرىسى جاڭگال بىلەن ئورالغان سۇرلۇك قارا تاغلار ئىدى، قارا تاغلارنىڭ كەينى تەرىپىدە تىك تاشلىق قىيا، ئىگىزلىكتىكى ئۇپۇقتا كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، دائىم ئۆزگىرىپ، ئالماسقا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدىغان قارلىق تاغلار بار ئىدى.

5-لېيەننىڭ ئالدىدا گۋاردىيىدىن يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلگەن، قارا پەشمەت، پاپاخ كىيىپ، قىلىچىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغان ئىگىز بويلۇق، كېلىشكەن ئەپتىسەر بۇتلېر كېتىپ باراتتى، ئۇ روھلۇق بولۇپ، ئۆزىدە تۇرمۇش خوشاللىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆلۈم خەۋپى ۋە تىرىكلىك ئارزۇسىنى سېزەتتى، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن چوڭ بولغان ۋە بىر ئىرادە يېتەكلىگەن كوللېكتىپقا قاتناشقانلىقىنى چۈشىنەتتى. بۇتلېرنىڭ بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم پىرونتقا ئاتلىنىشى ئىدى، ئۇ خوشاللىق بىلەن ئويلايتتى: مانا ئۇلار ھازىرلا ئوقتا تۇتۇلىدۇ، ئۇ ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان

توپ ئوقـلىرى ئاستىـدا بېشىـنى ئېـگىپ يۈرمەي، ئوقـلارنىڭ ۋىژىلدىشىغا قۇلاقمۇ سالماي، ئوتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش بېشىنى تېخىمۇ ئىگىز كوتىرىپ، ئاغىنىلىرى ۋە ئەسـكەرلەرگە كۈلۈمسىـرەپ قاراپ، ئەڭ پەرۋاسىزلارچە تەلەپپۇز بىلەن ئوزىگە زادىلا ئالاقىسى بولمىغان ئىشلار ئۈستىدە سوزلەيدۇ.

قىسىم چوڭ يولدىن چىقىپ، كوممـقوناق ئىگىزلىگى ئارىسىـدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭدى؛ جاڭگاللىغا يېتىشكە ئاز قالغاندا، قاياقتىنـدۇ بىر زەمـبىرەك ئوقى ئۈشقىيتىپ كېلىپ، ئېغىر يۈك باسقان هارۋىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ پارتلىدى-دە، قوناقـلىقتىن ئىس-تۈتەك كوتىرىلدى.

—باشلاندى، —دېدى بۇتلېر يېنىدىكى ئاغىنىلىرىگە خوشالـلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

دېگەندەك، شۇنىڭدىن كېيىنلا، بەلگە ئاسقان ئاتلىق چېچەن ئەسـكەرلىرى جاڭگالـنىڭ ئىچىدىن يېغىپلا كەتـتى. ئۇلارنىڭ ئوتـتۇرىـسىدا يوغان يېشىـل بايراق بار ئىـدى. كوزى ئوتكۈر لاۋازىماتچى كورۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بۇتلېرغا بۇ چوقۇم شامىل دېدى. بۇ ئادەمـلەر تاغدىن چۈشۈپ، سول تەرەپـتىكى يېقىن بىر جىلغىدا كورۈندى-دە، يەنە توۋەنگە چۈشۈشـكە باشلىدى. ئۈستىـگە ئىسـسىق قارا كالتە جۇۋا، بېشىـغا ئاق پاپاخ كىيگەن بىر پاكار گېنېرال يورغىسىنى چاپتۇرۇپ بۇتلېرنىڭ ليەن ئىشتاۋىغا كەلدى-دە. ئۇنىـڭغا تاغـدىن چۈشۈۋاتـقان ئاتلىقـلارغا قارشى ئوڭ تەرەپكە بېرىشقا بۇيـرۇق بەردى. بۇتلېر ليەننى باشلاپ،

دەرھال شۇ ياققا يۈرۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلار ئىگىزلىكتىن چۈشۈپ بولغىچە كەينى تەرەپتىن ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە قارىدى: ئىككى زەمبىرەكنىڭ ئۈستىدىن كوكۈش ئىس-تۈتەك كوتىرىلىپ، جىلغىنى بويلاپ سوزۇلۇۋاتاتتى. زەمبىرەك بارلىغىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئاتلىقلار چېكىندى. بۇتلىرنىڭ لىيەندىكلەر تاغلىقلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئېتىشقا باشلىدى. پۈتۈن جىلغىنى ئوق-دورا ھىدى بىلەن ئىس-تۈتەك قاپلىدى. جىلغىنىڭ ئىگىزرەك يېرىدىن تاغلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق كازاك ئەسكەرلەر بىلەن ئېتىشىپ، ئالدىراپ چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقى كورۈنۈپ تۇراتتى. قىسىم تاغلىقلارنى داۋاملىق قوغلاپ كەتتى، ئىككىنچى تاغنىڭ قاپتىلىدا بىر كەنت كورۈندى.

بۇتلىر لىيەننى باشلاپ، ئاتلىق كازاك ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ يۈگۈرگەن پېتى كەنتكە كىردى. كەنتتە ئىنسى-جىنى يوق ئىدى. ئەسكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن ئاشلىق، ئوت-چوپ، ئويلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. پۈتۈن كەنت ئاچچىق ئىس-تۈتەك ئىچىدە قالدى، ئەسكەرلەر بۇ ئىس-تۈتەك ئارىسىدا ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئويلەردىن كوزىگە چېلىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ چىقاتتى، بولۇپمۇ تاغلىقلار ئېلىپ كېتەلمىگەن توخۇلارنى تۇتۇشاتتى، تۇتالمىغانلىرىنى ئاتاتتى. ئەپتىسەرلەر ئىس-تۈتەكتىن نېرىراق يەردە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشىۋاتاتتى ۋە ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. لاۋازىماتچى ياغاچ تاختاي ئۈستىگە ئېلىپ، بىرنەچچە كورا

ياخشى ھەسەل ئەكەلدى. چېچەكلەرنىڭ سايىسىمۇ كورۇنمەيتتى. كۆن سەل ئېگىلگەندە، چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىلدى. لېيەندىكىلەر كەنتنىڭ كەينىدە تىزىلدى، بۇتلېر ئارقىدا مۇھاپىزەتچى بولۇشقا تەيىنلەندى. ئۇلار قوزغىلىشى بىلەن چېچەكلەر پەيدا بولۇپ، قىسمنى قوغلاپ، ئوق بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

قىسىم بىر كەڭلىككە چىققاندا، تاغلىقلار ئارقىدا قالدى. بۇتلېرنىڭ لېيەندىن بىرەر كىشىمۇ يارىدار بولمىدى، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن خوشال، روھى ئۇستۈن قايتىپ كېتىپ باراتتى.

قىسىم ئەتىگەن ئوتكەن دەريانىڭ سۇيىنى كېچىپ ئوتۇپ، قوناق ئېگىزى بىلەن چوپلۇكتە سەپ بولۇپ كېتىپ بارغاندا، لېيەنلەرنىڭ ناخشىچىلىرى ئالدىغا چىقىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

شامالمۇ يوق، ھاۋا ساپ، تازا ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق بولغاچقا، يۇز چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى تاغلار خۇددى يېقىندەكلا كورۇنەتتى. ناخشا توختىغاندا، تەكشى ئاياق تىۋىشى بىلەن زەمبىرەكنىڭ تاقۇر-تۇقۇرلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ ئاۋازلار ناخشىنىڭ باشلىنىشى ۋە تۇگىشىگە تەڭكەش بولاتتى. بۇتلېرنىڭ 5-لېيەنى ئېيتقان ناخشا ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى تۇەننى ماختاپ ئىشلىگەن، ئۇسۇل مۇقامىغا ئېيتىلىدىغان ۋە "ئاتلىق ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەر، باشقىلارغا ئوخشىماس، باشقىلارغا ئوخشىماس" دەپ قايتارمىسى بار ناخشا ئىدى.

بۇتلېر ئات ئۇستىدە ئوزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى پېتروۋ

شاۋشىياۋ (مايور) — ئىككىسى بىللە تۇراتتى — بىلەن يانىدىشىپ كېتىپ باراتتى، ئۇ ئۇزىنىڭ گۇۋاردىيىدىن ئايرىلىپ، كاپىكازغا يوتكەلگەنلىكىگە قالتىس خوشال ئىدى. ئۇنىڭ گۇۋاردىيىدىن يوتكىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ پېتېربۇرگدىكى چېغىدا قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ، ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغان ئىدى. ئۇ گۇۋاردىيىدە تۇرىۋەرسە، قىمارنى تاشلىيالماسلىقىدىن قورقاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىككىدەك پۇلىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى ئوتۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچە تۇرمۇش — ئىنتايىن گۇزەل، مەردانە تۇرمۇش تۇراتتى. ھازىر ئۇ ئۇزىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، تولەشكە قۇربى يەتمەيدىغان قەرزلىرىنى ئۇنتۇغان ئىدى. كاپكاز، ئۇرۇش، ئەسكەرلەر، ئەپىتسەرلەر، ھاراقخۇمار ۋە مېھرى ئىسسىق، باتۇر پېتروۋ — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا شۇنداق ياخشى تۇيۇلاتتى، گايىدا ئۇ ئۇزىنىڭ پېتېربۇرگدا، تاماكا ئىسى بىلەن قۇرۇمدۇلۇپ كەتكەن قاراڭغۇ گەمىدە قەرت ئۇلەشتۇرۇپ، پۇل تىكىپ، قىمارۋازلارنى يامان كورۇپ ۋە بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان بولماستىن، بەلكى بۇ يەردە — بۇ ئاجايىپ گۇزەل ماكاندا، كاپكاز باتۇرلىرى ئارىسىدا تۇرغانلىقىغا ئىشەنمەي قالاتتى.

ئۇنىڭ ناخشىچىلىرى "ئاتلىق ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەر، باشقىلارغا ئوخشىماس، باشقىلارغا ئوخشىماس!" دەپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئېتى قەدىمىنى مۇزىكا پەدىسىگە كەلتۇرۇپ

ئويناقلايتتى. ليەن ئىشتاۋسىنىڭ چۈپپۈرلۈق ئېتى تىرېزوركا ئەپىتسەرنىڭ ئېتىغا ئوخشاش قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ، ليەنىنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىپ باراتتى. بۇتىلىر ئوزىنى روھلۇق، خاتىرجەم كەيپى چاغ سېزەتتى. ئۇ ئۇرۇشىنىڭ ئوزىنى خەۋپ ۋە ھالاكەتكە ئۇچرىتىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئارقىلىق مۇكاپاتقا، بۇ يەردىكى دوستلىرى ۋە روسىيەدىكى ئاغىنىلىرى ئالدىدا ئابرويىغا ئىگە بولۇشىنى كوزلەيتتى. ئۇرۇشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىڭ يەنى ئەپىتسەرلەر، ئەسكەرلەر بىلەن تاغلىقلارنىڭ ئولۇشى ۋە يارىدار بولۇشىنىڭ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماسلىقى ئاجايىپ ئىش ئىدى. ئۇ ئۇرۇشقا نىسبەتەن شېئىرىي تەسەۋۋۇرىنى ساقلاش ئۇچۇن، ئولگەن ۋە يارىدار بولغانلارغا ھېچقاچان قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى. بۈگۈن ئۈچ ئادەم ئولگەن، ئون ئىككى ئادەم يارىدار بولغان ئىدى. ئۇ ئوڭدىسىغا ياتقان بىر ئولۇكنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا ئاجايىپ تارتىشىپ تۈگۈلۈپ قالغان مومدەك بىر قولنى ۋە بېشىدىكى قارامتۇل قىزىل داغنىلا كوردى - دە، سىنچىلاپ قاراپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئويىدا تاغلىق-لارمۇ مۇداپىئەلىنىشكە تېگىشلىك چەۋەندازلار ئىدى.

— كورگەنسىز، قەدىرلىكىم، — دېدى شياۋشياۋ ناخشا توختى-غاندا، — بۇ يەر سىلەرنىڭ پېتېربۇرگىڭلارنىڭ ئوڭغا بۇرال، سولغا بۇرال دەيدىغان كوچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە ئاز - تولا

ئەجىر قىلغانىدا ئۆيگە بارغىلى بولىدۇ. ماشۇركا① ھازىر بىزگە مانتا ئېتىپ، بەسەي شورپىسى تەييارلاپ قويغاندۇ. نېمە دېگەن پەيزى ھە! قانداق دەيسەن؟ قېنى، «سۇبھى كۆتىرىلـ-گەندە» نى ئېيتىشلارچۇ، — ئۇ بۇ ئامراق ناخشىسىنى ئېيتىشنى بۇيرۇدى.

شاۋشياۋ فىلدشىرنىڭ قىزى — ئاۋالقى ماشا، ھازىرقى مارىيە دىمىتروۋنا بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇپ ياشايتتى. مارىيە دىمىتروۋنا يۈزلىرى سەپكۈنلۈك، سېرىق چاچلىق، پەرزەنت كۆرمىگەن، ئوتتۇز ياشلاردىكى كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇن قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ھازىر شاۋشياۋنىڭ ھالال جۈپتى ئىدى، ئۇ ئېرىگە بالا باققۇچىدەك كۆيۈنۈپ قارايتتى، ھەممىشە ئەس-ھوشىنى بىلمىگۈدەك ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغان شاۋشياۋ ئۈچۈن ئۇ كېرەك ئىدى.

قورغانغا يېتىپ كەلگەندە، ھەممە ئىش شاۋشياۋنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. مارىيە دىمىتروۋنا ئۇنىڭ بىلەن بۈتلېرنى، قىسمىدىن كەلگەن ئىككى ئەپىتسەرنى مەزىلىك غىزاغا تەكلىپ قىلدى، شاۋشياۋ بولۇشىچە يەپ-ئىچىپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدا، ئۇزىنىڭ ئۆيگە ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتتى. بۈتلېر ناھايىتى ھارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزى خوشال ئىدى، ئۇ ھاراقتىن بىرنەچچە رۇمكا ئارتۇقراق ئىچتى ۋە ئۆيگە كېلىپ

① ماشۇركا — مارىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

كىيىمنى يېشىپلا ئالقىنىنى چىرايلىق چېچىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، شۇ ھامان ئۇيقۇغا كەتكىنىچە، چۈشمۇ كورمىدى، مىدىر-سىدىرمۇ قىلمىدى.

## 17

ھۇجۇمغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان كەنت ھاجى مۇرات رۇس-لارغا ئەل بولۇش ئالدىدا قونۇپ ئوتكەن ھىلىقى كەنت ئىدى.

ھاجى مۇرات ئويىدە قونغان سادو رۇسلار يېزىغا يېقىنلاش-قاندا ئائىلىسىنى ئېلىپ تاققا قېچىپ كەتكەن ئىدى. سادو كەنتكە قايتىپ كەلگەندە، ئويلىرى ئورۇلگەن، ئىشىكى ۋە دالانىدىكى لىم-تۈۋرۈكلىرى كويدۇرۇۋېتىلگەن، پاسكىنىچىلىقتىن ئويىنىڭ ئىچى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ھاجى مۇراتقا زوقمەنلىك بىلەن قارىغان چىرايلىق، كوزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئوغلى ئولگەن ئىدى، جەسىدى مېچىت ئالدىدىكى يوپۇق يېپىلغان ئات ئۇستىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇمبىسىگە نەيزە سانچىلغان ئىدى. ھاجى مۇرات كەلگەندە كۇتۇۋالغان چىرايلىق ئايال مەيدىسى يىرتىلغان كوينەكتىن كوكسى كورۇنۇپ تۇرغان، چاچلىرى چۇۋۇق ھالەتتە ئوغلىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، يۈز-كوزىنى تاتىلاپ قانىتىپ، توختىماي ھوڭگىرەك ئېيتىپ

يىغلايتتى. سادو كەكە، گۇرجەك ئېلىپ، قىرىنداشلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ يەرلىگىنى كولاشقا كەتتى. ھاسا تۇتقان بوۋاي ئورۇلگەن تامنىڭ يېنىدا ھاسسىغا تايىنىپ، نۇرسىز كوزلىرى بىلەن ئالدىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھىلىلا ئوزىنىڭ ھەسەلچىلىك مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ يەردىكى ئىككى دوۋە ئوتمۇ كويدۇرۇۋېتىلگەن؛ ئۇ ئوزى تىكىپ ئوستۇرگەن ئۇرۇك، ئالۇچا دەرەخلىرىمۇ سۇندۇرۇۋېتىلگەن ۋە كويدۇرۇلگەن، مۇھىمى، بارلىق ھەسەل ھەرىلىرى ۋە ھەسەل ساندۇقلىرى كويدۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. ھەممە ئويلەرنى خوتۇن-قىزلارنىڭ يىغا-زارى قاپلىغان ئىدى، يىغا-زارە بىلەن يەنە ئىككى ئولۇك ئېلىپ كېلىندى. باللار ئانىلىرى بىلەن ھوكۇرەپ يىغلىشاتتى. ئاچ قالغان ھايۋانلارمۇ ھوكۇرىشەتتى. نارەسىدە باللار ئويۇنلىرىنى ئۇنتۇپ، چوڭلارغا ھاڭۋىقىپ قارىشاتتى.

بۇلاق سۇلىرى بۇلغىۋېتىلگەن، ئۇنى كىشىلەر ئىچەلمىسۇن دەپ قەستەن بۇلغىۋەتكەنلىكى كورۇنۇپ تۇراتتى. مېچىتلەرمۇ پاسكىنىچىلىقتىن كوز كورگۇسىز قىلىۋېتىلگەن، ئۇنى ئاخۇنلار بىلەن جامائەت سۇپۇرمەكتە ئىدى.

مويسىپىتلەر مەيدانغا يىغىلىپ، ئوز ئەھۋاللىرى ئۇستىدە سوزلىشەتتى. رۇسلارغا بولغان ئوچمەنلىك تۇغرىلىق ھېچكىم ئېغىز ئاچمايتتى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق چېچەنلەرنى ئۇ ئوچمەنلىكتىنمۇ كۇچلۇك بىر خىل تۇيغۇ ئورۇۋالغان ئىدى. بۇ ئوچمەنلىك ئەمەس، بەلكى رۇسلارنى ئادەم

ھىساپلىماسلىق، ئىچ-ئىچىدىن يامان كورۇش، بۇ مەخلۇقلار-نىڭ پۈتۈنلەي يولسىز ۋەھشىلىكلىرىدىن يىرگىنىش تۈيغۇسى، ئۇزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنى چاشقان، زەھەرلىك ئىلان ۋە بورىنى قىرغاندەك قىرىش ئۈمىدىدىكى تەبىي تۇيغۇ ئىدى.

جامائەتنىڭ ئالدىدا يا ئۆز جايلىرىدا قېلىپ، نۇرغۇن ئەمگەك بىلەن بەرپا قىلىنغان ۋە ئەمدى شۇنداق ئاسان، ئورۇنسىزلا ۋەيران قىلىنغان ھەممە نەرسىنى بار ئامال بىلەن قايتا قۇرۇش ھەمدە ھەر ۋاقىت بۇ ۋەيرانچىلىقلارنىڭ تەكرارلىنىشىنى كۇتۇپ تۇرۇشنى، يا بولمىسا دىنىدىن يۈز ئورۇپ، رۇسلاردىن يىرگىنىش ۋە ئۇلارنى يامان كورۇش تۇيغۇسىدىن كېچىپ، ئۇلارغا تىز پۈكۈشنى تاللىۋېلىش ئىشى تۇراتتى.

قېرىلار نامازدىن كېيىن، شامىلغا ئەلچى ئەۋەتىشنى ھەم دەرھال ۋەيرانچىلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىشنى قارار قىلدى.

## 18

ھۇجۇمنىڭ 3-كۇنى بۇتىلېر كەچىرەك تۇردى، ئۇ پېتروۋ بىلەن بىللە ناشتا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ياق-بۇ ياقنى ئارىلاپ، ھاۋا يېيىش ئۈچۈن ئارقا ئىشىكتىن كوچىغا چىقتى، تاغ كەي-

ندىن كوتىرىلگەن كۈننىڭ كوچىنىڭ ئۇڭ قانىتىدىكى ئاقارتىلغان تاملارغا چۈشكەن شولىسى كوزنى قاماشتۇراتتى، ئەمما سول تەرەپكە، ئورمان بىلەن قاپلانغان قاتمۇ-قات ئېگىز قارا تاغلار، تاغ ئېغىزىدىن كورۇنۇپ تۇرغان ئاپپاق چوققىلارغا قاراش بولسا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى.

بۇتلېر مۇشۇ تاغلارغا قاراپ، ئوپكىسىنى توشقۇزۇپ نەپەس ئېلىپ، ئىنتايىن خوش بولۇپ كەتتى، ئۇ مۇشۇنداق گۈزەل دۇنيادا ياشاۋاتقىنىغا خوشال ئىدى. تۈنۈگۈنكى ئۇرۇشتا ھۇجۇمغا ئوتكەن ۋاقتىدا، بولۇپمۇ ئۇرۇش جىددىيلەشكەن چېكىنىش پەيتىدە قالتىس ئىش قىلغانلىقىدىنمۇ ئاز-تولا خوشال ئىدى؛ ئۇ ھەربى يۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندە، ماشا ياكى مارىيە پېترووۋنانىڭ يەنى پېترووۋنانىڭ جۈپتىنىڭ ئوزلىرىنى ئوبدان مېھمان قىلغانلىقىنى، ھەممەيلەنگە بولەكچىلا ئوچۇق كوڭۇل ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوزىگە يېقىملىق تۇيۇلغانلىقىنى ئەسلىگەنلىكىدىنمۇ خوشال ئىدى. مارىيە پېترووۋنانىڭ سۇمبۇل چاچلىرى، كەڭ يەلكىسى، كوتىرىلىپ تۇرغان كوكسى، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سەپكۈنلۈك يۈزى قاۋۇل بويتاق يىگىت بۇتلېرنى ئىختىيارسىز ئوزىگە جەلپ قىلاتتى، ئۇ ھەتتا ئوزىگە مارىيە دىمىترووۋنانىڭ كوڭلى چۈشۈپ قالغاندەك سېزەتتى. لېكىن ئۇ بۇنى ئاقكوڭۇل يېقىن دوستى ئالدىدا يۈزسىزلىك قىلغانلىق دەپ بىلەتتى، شۇڭا مارىيە دىمىترووۋنا بىلەن ئادەتتىكىدەك، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوتەتتى، ئۇ بۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن

تولىمۇ خوشال ئىدى. ھازىر ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلايتتى.

قاياقتىندۇ بىرنەچچە ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقاندەك، توپا يولدا كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بولۇۋەتتى. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ، يولنىڭ ئۇ بېشىدىن بىر توپ ئاتلىقنىڭ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. يىگىرمىچە ئاتلىق كازاكنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىرسى ئاق چېركەسكە، پاپاخ كىيگەن سەللىلىك كىشى؛ يەنە بىرى روسىيىگە خىزمەت قىلىۋاتقان كوك چاپان كىيگەن قارىمۇتۇق، قوش بۇرۇن ئەپەندى بولۇپ، كىيىمى ۋە قوراللىرىدا نۇرغۇنلىغان كۇمۇش بىزەكلەر يالتىراپ تۇراتتى. ھېلىقى سەللىلىك ئادەم تومۇغا باش، توخۇم كوزلۇك جەرەن ئايغىر، ھېلىقى ئەپەندى غاز بويۇن قارا باق① مىنگەن ئىدى. ئات خۇمار بۇتلېر بىر قاراش بىلەنلا بىرىنچى ئاتنىڭ قاۋۇل ئات ئىكەنلىگىنى تونۇپ، بۇ كىشلەرنىڭ كىملىگىنى بىلىش ئۇچۇن ئۇلارنى توختاتتى. ھېلىقى ئەپەندى بۇتلېرغا گەپ قىلدى:

— ھەربى ئەمەلدارنىڭ ئويى مۇشۇمۇ؟ — ئۇ قامچىسى بىلەن ھېلىقى ئوينى كورسىتىپ تۇرۇپ سورىدى، ئۇنىڭ بۇزۇپ سوزلىشى ۋە تەلەپپۇزىدىن رۇس ئەمەسلىگى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە مۇشۇ، — دىدى بۇتلېر ۋە:

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا

---

① قارا باق — كاپكاز تاغلىرىنىڭ داڭلىق ئېتى.

كېلىپ كوزى بىلەن سەللىلىك كىشىنى ئىشارەت قىلىپ.

— بۇ كىشى ھاجى مۇرات. ئۇ بۇ يەرگە ھەربىي ئەمەلدار-نىڭكىدە قونۇشقا كەلدى، — دېدى ئەپىتسەر.

بۇتلېر ھاجى مۇراتنى، ئۇنىڭ رۇسلارغا ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بۇ كىچىك قورغاندا ئۇچرىتىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ھاجى مۇرات ئۇنىڭغا مۇلايىمغىنا قاراپ تۇراتتى.

— ئەسسالام، خوش كەپسىز، — ئۇ يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان تاتارچە سالامنى ئېيتتى.

— ساق بول، — دەپ ھاجى مۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ بۇتلېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى بارمىقىغا قامچا ئىلىنغان قولىنى ئۇزاتتى.

— ئەمەلدارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، ئەمەلدار مەيەردە، مەن ئۇنى چاقىرىپ قوياي، — بۇتلېر ئەپىتسەرگە شۇنداق دېگەچ پەلەمپەيگە چىقىپ ئىشىكنى ئىتتىردى.

بىراق، مارىيە سارايىنىڭ «سىرلىق دەرۋازىسى» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئىشىك ئېتىكلىك ئىدى. بۇتلېر ئىشىكنى قېقىۋىدى، جاۋاپ چىقمىدى. ئۇ ئايلىنىپ ئارقا ئىشىككە باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىنى* توۋلاپمۇ جاۋاپ ئالالمىدى، ئىككى خىزمەتچىنىڭ بىرسىنىمۇ تاپالماي، ئاشخانىغا كىردى، بېشىغا ياغلىق چېگىۋالغان، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، يېڭىنى ئاپپاق بىلەكلىرىگە

تۇرۇۋالغان مارىيە دىمتروۋنا ئۆزىنىڭ بىلەكلىرىدەك ئاپپاق ۋە پىشقان خېمىرنى ئۈزۈپ زۇۋۇلا قىلىپ، سامبۇسىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

— خىزمەتچىلەر نەگە كەتتى، — دېدى بۇتلېر.

— هاراق ئىچكىلى كەتتى، — دېدى مارىيە دىمىتروۋنا، — نىمە قىلاتتىڭىز؟

— ئىشىكنى ئېچىش كېرەك ئىدى، ئىشىگىڭىزنىڭ ئالدىدا بىر توپ تاغلىقلار تۇرىدۇ، هاجى مۇرات كەپتۇ.

— يوق گەپنى قىلماڭا، — دېدى مارىيە دىمتروۋنا كۈلۈمسىرەپ.

— چاقچاق قىلىۋاتمايمەن، راست گەپ. ئۇلار ئىشىكتە تۇرىدۇ.

— راست گەپ قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى مارىيە دىمتروۋنا.

— سىزگە يالغان ئېيتىشىمنىڭ نىمە هاجىتى؟ قاراپ بېقىڭ، ئۇلار ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ.

— بۇ راستلا كۈتۈلمىگەن ئىشقۇ، — دېدى مارىيە دىمىتروۋنا يەڭلىرىنى چۈشۈرۈپ، يوغان ئۇرۇلگەن چېچىدىكى چازىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولسا مەن كىرىپ، ئىۋان ماتۋېيېۋىچنى ئويغىتاي.

— ياق، مەن كىرەي، بوندارېنكو، سەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچ، — دېدى بۇتلېر.

— مەيلى، — دېدى مارىيە دىمتروۋنا ۋە يەنە ئۆز ئىشىغا

كىرىشىپ كەتتى.

ئۇلار ماتۋېيېۋىچ ھاجى مۇراتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئازراقمۇ ئەجەپلەنمىدى، چۈنكى ئۇ ھاجى مۇراتنىڭ گروزنايادا كەلگەنلىكىنى ئاللىقاچانلا ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ قوپۇپ كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ، بىر تال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق يوتەلدى ۋە ”بۇ شەيتان“نى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن باشلىقلارغا غوتشۇپ، كىيىنىشكە باشلىدى. كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتچىنى دورىغا بۇيرۇدى. دورا دىگىنىنى چۈشەنگەن خىزمەتچى ۋوتكا ئېلىپ كەلدى.

— بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە خىل ھاراق ئىچىشتىن يامىنى يوق، — دىدى ئۇ غودۇڭشۇپ ھاراق ئىچكەچ بىر پارچە قارا بولكىنى يەۋېتىپ، — ئاخشام ئارسلاش ھاراق ئىچىۋىدۇق، باشقا چىقتى. خوپ، ئىش پۈتتى.

ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ، مېھمانخانىغا كىردى. بۇتلېر ھاجى مۇرات بىلەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ كەلگەن ئەپىتسەرنى باشلاپ، بۇ يەرگە كىرىپ بولغان ئىدى.

ھاجى مۇراتنى ئۇزىتىپ كەلگەن ئەپىتسەر سول تەرەپ قوشۇن باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىۋان ماتۋېيېۋىچقا تاپشۇردى، بۇيرۇقتا ھاجى مۇراتنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئايغاقچىلار ئارقىلىق تاغلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشىغا يول قويۇش، لېكىن كازاكلارنىڭ بىللە بولۇشى كېرەكلىگى، ئۇنى قورغاندىن چىقارماسلىق كورسىتىلگەن ئىدى.

ئىۋان ماتۋېيېۋىچ ئالاقىنى ئوقۇۋېتىپ، ھاجى مۇراتقا تىكى-لىپ قاردى، ئاندىن يەنە ئالاقىغا ئىگىلىشتى. ئۇ كوزىنى ئالا-قىدىن بىرنەچچە قېتىم ھاجى مۇراتقا يوتكەپ، ئاخىردا ھاجى مۇراتقا قادىلىپ تۇرۇپ دىدى:

— ياخشى، بەك ياخشى. ئۇنى ئورۇنلاشتۇرايلى. ئۇنىڭغا ئېيت، ماڭا بېرىلگەن بۇيرۇقتا ئۇ سىرتقا چىقمىسۇن دىيىلگەن. بۇيرۇقنى ئورۇنلاش پەرز. بىز ئۇنى، بۇتلېر، بىز ئۇنى ئىش-خانىغا ئورۇنلاشتۇرساق دەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟

بۇتلېر جاۋاپ بەرگىچە، ئاشخانىدىن چىقىپ ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان مارىيە دىمىترىۋنا ئىۋان ماتۋېيېۋىچقا دىدى:

— نىمىشقا ئىشخانىغا ئورۇنلاشتۇرىسىلەر؟ مەشەگە ئورۇنلاش-تۇرۇڭلار، مېھمانخانا بىلەن ئامبارنى ئۇلارغا بېرەيلى. كوز ئالدىمىزدىراق تۇرسۇن. — ئۇ شۇنداق دەپ ھاجى مۇراتقا قاردى، بىراق كوزى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، دەرھال كوزىنى يوتكىدى.

— شۇنداق بولسۇن، مېنىڭچە، مارىيە دىمىترىۋنانىڭ دىگىنى توغرا، — دىدى بۇتلېر.

— ماڭ، چىق، بۇ خوتۇن خەقنىڭ ئىشى ئەمەس، — دىدى ئىۋان ماتۋېيېۋىچ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ.

بۇلار سوزلىشىۋاتقاندا ھاجى مۇرات قولىنى خەنجىرىنىڭ دەستىسىگە قويۇپ، مەنسىتمىگەندەك قىياپەت بىلەن كۇلۇمسىرەپ ئولتۇردى. ئۇ قەيەر بولسا بولىۋېرىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا

زورۇرى قوماندان ئۇنىڭغا يول قويغان بىر ئىش يەنى تاغلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇلار بىلەن كورۇشۇشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۇمىت قىلاتتى. ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېھمانلارغا غىزا ۋە ئوي راسلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇ بۇتلېرنى ئۇلار بىلەن بىر دەم بىللە بولۇشقا قالدۇرۇپ، ئوزى كېرەكلىك ئالاقىلەرنى يېزىش ۋە بۇيرۇق چۇشۇرۇش ئۇچۇن ئىشخانىسىغا كەتتى.

هاجى مۇراتنىڭ بۇ يېڭى تونۇشلارغا بولغان مۇئامىلىسى شۇ هامان ناهايىتى ئېنىق بولىدى. هاجى مۇرات ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بىلەن تۇنجى قېتىم كورۇشكەندە، يىرگىنىش ۋە مەنسىتمەسلىك تۇيغۇسىدا بولدى، كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئوزىنى چوڭ تۇتۇپ مۇئامىلە قىلدى. غىزا ئېتىپ ئېلىپ كەلگەن مارىيە دىمىترىۋنا هاجى مۇراتقا بەكمۇ يېقىپ قالدى، مارىيە دىمىترىۋنانىڭ تۇز كوڭۇللۇكى، يات مىللەتكە خاس گوزەللىكى، ئوزىگە نىسبەتەن ياخشى كوڭۇلدە بولغانلىقى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى ۋە بۇ ئايالنىڭ ياخشى كوڭلى ئىختىيارسىز هالدا ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى.ئۇ مارىيە دىمىترىۋناغا قارىماسقا، گەپ قىلماسقا تىرىشسىمۇ، كوزلىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا چۇشۇپ، هەركىتىنى كوزىتەتتى.

هاجى مۇرات تۇنجى قېتىم كورۇشۇشتىلا بۇتلېر بىلەن چىقىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن خوش خوي، كەڭتاشا پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوزىنىڭ تۇرمۇشى توغرىلىق سوزلەپ بەردى، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق

ئايغاقچىلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى ئېيتىپ بەردى، ھەتتا قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

ئايغاقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ قورغاندا تۇرغان تۆت كۈن ئىچىدە ئايغاقچىلار ئىككى قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئىككىلا قېتىمدا شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

## 19

ھاجى مۇرات رۇسلارغا ئەل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋېدېنو يېزىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، شامىلنىڭ بۇيرۇغىنى كۈتۈپ نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان ئىدى. ھاجى مۇراتنىڭ ئانىسى پاتىمە موماي، ئىككى خوتۇنى ۋە بۇ خوتۇنلاردىن بولغان بەش بالىسى يۈز بېشى ئىبراھىم رەشىتنىڭ ئائىلىسىدە ساقلىناتتى، ھاجى مۇراتنىڭ ئون سەككىز ياشلىق چوڭ ئوغلى يۈسۈپ ئىككى مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتىكى بىر زىنداندا قاماقتا ئىدى، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تۆت بېشىغا كېلىدىغان كەلگۈلۈكنى كۈتۈپ تۇرغان تۆت گۇناكار بار ئىدى.

شامىل رۇسلارغا قارشى ئەسكەر تارتىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېخى ئۇلار توغرىلىق قارار چىقىرىلمىغان

ئىدى.

1852 ـ يىلىنىڭ 6 ـ يانۋار كۈنى شامىل رۇسلار بىلەن بىر قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن ۋېدېنو يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. رۇسلارنىڭ ئېيتىشىچە، شامىل بۇ قېتىمقى جەڭدە يېڭىلىپ، ۋېدېنوغا قېچىپ كەتكەن ئىدى؛ لېكىن ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىپ، رۇسلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ جەڭدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: شامىل ئۆزى مىلتىق ئېتىپ ۋە قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېتىنى رۇسلارغا قارىتىپ قويۇۋەتمەكچى بولدى، ئەمما يېنىدىكى مۇرىتلىرى ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى شامىلنىڭ يېنىدىلا ئۆلدى.

شامىل ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئات ئوينىتىپ، مىلتىق ۋە تاپانچىلار بىلەن ئېتىشىپ، "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دەپ توختىماي تەكبىر ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىر توپ مۇرىدى بىلەن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندە چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى.

ۋېدېنو يېزىسىنىڭ بارلىق خەلقى ئۆز ھوكۇمرانىنى كوچا ۋە ئۆگزىلەرگە چىقىپ، مىلتىق ۋە تاپانچا ئېتىپ، خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئاق بوز ئەرەپ ئېتى مىنگەن شامىل ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، ئات ئويناقلاپ تىزگىنىنى سىرىدى. ئاتنىڭ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنمەگەن بولۇپ، ئاددىيلا يەنى ئوتتۇرىسىغا قىزىل يول چىقىرىلغان تاسما يۈگەن، قۇيما ئۈزەڭگە، ئېگەرنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قىزىل



www.uyghurkitap.com

ئىگەر كورپىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىمام پەش، ياقا ۋە يەڭلە-
رىدىن قارا يۇڭلىرى كورۇنۇپ تۇرغان زىغىررەڭ سوكىنو جوۋا
كىيگەن، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن بىلىنى قىلىچ ئاسىدىغان قارا كەمەر
بىلەن چىڭ باغلىغان، بېشىدىكى ئۇستى ئىگىز قارا پاپاخقا سەللە
ئورىغان بولۇپ، سەللىنىڭ پەتلىسى مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇراتتى؛
پۇتىغا پوپۇش كىيىپ، پاچاقلىرىنى لاتا بىلەن ئورىۋالغان ئىدى.

ئىمامىنىڭ ئۇستىۋېشىدا ھېچقانداق ھەيران قالغۇدەك
ئالتۇن-كۇمۇچ بىزەك يوق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سۇمباتلىق
بەستى، ئاددىغىنا كىيىملىرى، ئويچورىسىدىكى قورال-ياراق ۋە
كىيىم-كېچەكلىرى ئالتۇن-كۇمۇشتىن بىزەلگەن مۇرىتلىرى
خەلقنىڭ كوڭلىدە پەيدا قىلىشنى ئويلىغان ۋە پەيدا قىلالاي-
دىغان ئۇلۇغ تەسىراتنى پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ قىزغۇچ كوتمەك
ساقاللىق ئاپپاق يۇزى، دائىم قىسىلىپ تۇرىدىغان كوزلىرى
تاشقا ئوخشاش ھەركەتسىز ئىدى. ئۇ يېزىدىن ئوتۇۋاتقاندا
مىڭلىغان كوزلەرنىڭ ئوزىگە تىكىلگىنىنى سەزسىمۇ، ئۇلارنىڭ
بىرىگىمۇ كوز قىرىنى سالمىدى. ھاجى مۇراتنىڭ خوتۇن-
بالىلىرىمۇ ئوزلىرى تۇرۇۋاتقان ئويدىكىلەر بىلەن ئىمامنى
كورگىلى شىپاڭغا چىقتى. پەقەت ھاجى مۇراتنىڭ ئانىسى پاتمە
مومايلا چىقمىدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك ئاپپاق چاچلىرىنى چۇۋۇپ،
ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئوروق تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، ئوتلۇق
قارا كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئوچاقتىكى كويۇپ بولاي دەپ
قالغان ئوتۇنغا قاراپ، ئويدە يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇمۇ ئوغلىغا

ئوخشاش، شاملغا ئەزەلدىن ئوچ ئىدى، ھازىر ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كۆرۈشنى خالىمىدى.

شاملىنىڭ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنغانلىقىنى ھاجى مۇراتنىڭ ئوغلىمۇ كۆرمىدى. قاراڭغۇ ھەم زەي زىنداندا مىلتىق ۋە تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ قاتتىق ئازابلاندى، بۇنداق ئازاپنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان ياشلارلا چۈشىنىدۇ. ئۇ سېسىق زىنداندا ئۆزى بىلەن بىللە قامالغان شور پىشانە، ئۇستىۋېشى كىر، قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالغان، تەڭدىن تولىسى بىر بىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇراتتى، ھازىر ئاشۇ يەردە ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، كۈن نۇرىدىن، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىمامنىڭ ئەتراپىدا شاش ئاتلىرىنى ئوينىتىپ، مىلتىق ئېتىپ، "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دەپ تەكبىر ئېيتىپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئىچى قايناپتتى.

شامىل يېزا بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆردىسىغا كىرىدىغان ھويلىغا كىردى. قوراللىق ئىككى لىزگىن ئوچۇق تۇرغان بىرىنچى دەرۋازا ئالدىدا شاملىنى كۈتۈۋالدى. ھويلا ئادەم بىلەن تولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىش بىلەن يىراقتىن كەلگەنلەر، تەلەپكارلار، قىلمىشى ئۈچۈن ھوكۈم قىلىشقا شامىل چاقىرتىپ كەلگەنلەر بار ئىدى. شامىل كىرىپ كەلگەندە، ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، قول باغلاپ

تازىم قىلدى. بەزىلىرى شامىل ئالدىنىقى دەرۋازىدىن كىرىپ كېيىنكى دەرۋازىغا بارغىچە تىزلىنىپ تۇردى. شامىل بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى يامان كۆرىدىغان ۋە غەمخورلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ زېرىكتۈرۈۋەتكەن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ، تەرىنى بۇزماستىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئىچكىرىكى هويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا سول تەرەپتىكى ئۆز بىناسىنىڭ پېشايۋىنى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى.

بۇ قېتىمقى يۈرۈش جىددى بولدى، ئۇنى جىسمانى جەھەت-تىكى جىددىلىك دىگەندىن كۆرە، روھىي جەھەتتىكى جىددىلىك دىگەن تۈزۈك ئىدى، چۈنكى شامىل ئاغزىدا غەلىبە قىلدۇق دىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە بۇ قېتىم مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلەتتى، نۇرغۇنلىغان چېچېنلەرنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنىڭ كويدۇرۇپ تاشلە-نىشى، ۋەيران قىلىنىشى تۇراقسىز، يېنىك تەبىەتلىك چېچېن-لەرنى ئىككىلەندۇرۇپ قويىدى، ئۇلارنىڭ رۇسلارغا يېقىن بەزى جايدىكىلىرى ئۇلارغا ئۆتۈپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار كىشىنى ئويغا سالاتتى، شۇڭا بۇنىڭغا چارە قوللىنىش كېرەك ئىدى، لېكىن شامىلنىڭ شۇ تاپتا هېچ ئىش قىلغۇسى ۋە هېچنىمىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ هازىر بىرلا ئىشنى ئويلايتتى: ئۇ بولسىمۇ ئەڭ ئامراق خوتۇنى — قارا كوزلۇك، ئايىغى تېتىك، ئۇن سەككىز ياشلىق ئامىنە بىلەن ئائىلىنىڭ پەيزىنى سۇرۇپ ئارام ئېلىش ۋە پۇخادىن چىقىش ئىدى.

ئامىنە بۇ هويلىدىكى خوتۇن-قىزلارنىڭ ئۆيى بىلەن ئەر-

لەرنىڭ ئۇيى ئايرىۋېتىلگەن قاشانىڭ كەينىدە (شامىل ئاتتىن چۈشكەندە ئامنە ۋە باشقا خوتۇنلىرىنىڭ تامنىڭ يوچۇقىدىن ئۆزگە قاراپ تۇرغانلىقىغا ئىشىنەتتى) بولغاچقا، ئامنەنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قېشىغا بىرىشلا ئەمەس، ماۋۇق ياستۇقتا ئارامخۇدا بېشىنى قويۇپ ھاردۇغىنى چىقىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئانچە مەيلى بولمىسىمۇ، ئۇ دىنىي يولباشچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاۋال پېشىن ئوقۇشى كېرەك ئىدى. بۇنى بىجا كەلتۈرمىسە بولمايتتى، بەلكى بۇ ئۇنىڭغا پەرز ئىدى. شۇڭا ئۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى، ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلارنى قىچقاردى.

بىرىنچى بولۇپ، ئۇنىڭ قېيناتىسى ۋە ئۇستازى — ئېگىز بويلۇق، قەددى-قامەتى كېلىشكەن، چاچ-ساقاللىرى ئاپپاق ئاقارغان، قىزىل يۈزلۈك جامالىددىن بوۋاي كىرىپ دۇئا قىلدى، ئاندىن شامىلدىن ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇ ئۇرۇشتىكى چاغدا تاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ئادەم ئۆلتۈرۈپ قىساس ئېلىش، مال-ۋارانلارنى ئوغرىلاش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشكە ئوخشاش شەرىئەتكە خىلاپ ھەر خىل ۋەقەلەردىن تاشقىرى، جامالىددىن يەنە ھاجى مۇراتنىڭ ئائىلىسىنى رۇسلار تەرەپكە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى، ئەمما بۇ ئىش سېزىلىپ قېلىپ، ھازىر ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋېدېنوغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ نەزەربەنت قىلىپ

قويۇلغانلىغىنى، ئەمدى ئىمامنىڭ ئەمىرىگە قاراشلىق بولۇپ قالغانلىغىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ياندىكى مېھمانخانىغا بۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە ھازىرلانغان بىرمۇنچە ئاقساقاللار يىغىلغان ئىدى. ئۇلار ئۈچ كۈندىن بۇيان شامىلنى كۈتۈپ تۇرۇشقان بولغاچقا، جامالىدىن شامىلغا ئۇلارنى بۈگۈن ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى.

شامىل ئۆزىنىڭ خوشى يوق چوڭ خوتۇنى — قۇش بۇرۇن، قارا چاچ، تەلەتى سورۇن زاھىدە ئېلىپ كەلگەن چۇشلۇك تاماقنى يەپ بولۇپ، مېھمانخانىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كېگەشمىسىدىكى بەزىلىرى سەللىلىك، بەزىلىرى سەللىسىز، بەزىلىرى پاپاخ، يېڭى پەشمەت ۋە چېركەسكە كىيگەن، بەزىلىرى بەلۋاغلىرىغا خەنجەر ئاسقان، ئاق، چار ۋە قىزىل ساقال ئالتە بوۋاي شامىلنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى. شامىلنىڭ بويى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭكىدىن ئېگىز ئىدى. ئۇلارمۇ شامىلغا ئوخشاش، كوزلىرىنى يۇمۇپ دۇئاغا قوللىرىنى كوتىرىشتى، ئاندىن يۈز-كوز، ساقال-بۇرۇتلىرىنى سىلاپ، دۇئانى تۈگىتىپ ئولتۇرۇشتى. شامىل ئوتتۇرىدىكى قېلىن كورپىدە ئولتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە باشلاندى.

گۇناكارلارغا شەرىئەت بويىچە ھوكۇم چىقىرىلدى: ئوغرىلىق قىلغان ئىككى كىشىنىڭ بىر قولىنى كېسىش، ئادەم ئولتۇرگەن بىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ھوكۇم قىلىندى، ئۈچ كىشىنىڭ گۇناھى

www.uyghurkitap.com

كېچىرىم قىلىندى. ئاندىن كېيىن ئاساسىي ئىشقا يەنى چېچىن-لەرنىڭ رۇسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى ئۈستىگە كۆچتى. ئۆتۈپ كېتىشكە قارشى تۈرۈش ئۈچۈن، جامالىدىن تۆۋەندىكى مۇراجەت نامىنى تۈزگەن ئىدى:

”قۇدرەتلىك ئاللا سىلەرنى خېيىم-خەتەر ۋە بالا-قازادىن ساقلىغاي. ئاڭلىسام، رۇسلار سىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ئەل بولۇشقا ئۈندەۋېتىپتۇ. ئۇلارغا ئىشەنمەڭلار، ئۇلارغا ئەل بولماڭلار، سەۋرى-تاقەت قىلىڭلار. بۇنىڭ نەتىجىسىنى بۇ دۇنيادا كۆرمىسەڭلار ئۇ دۇنيادا كۆرىسىلەر. بىر چاغلاردا قورالىڭلار رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندە، قانداق كۈنلەرگە قالغىنىڭلارنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. ئۇ چاغلاردا — 1840-يىلى سىلەرگە مەن ئەمەس، ئاللا ئىگەم ئۆزى مەدەت بەرمىگەن بولسا، سىلەر ئاللىقاچان ئەسكەر بولۇپ، قىلىچ ئورنىغا قولۇڭلارغا نەيزە ئالغان بولاتتىڭلار، خوتۇن-قىزلى-رىڭلار ئىشتانسىز قېلىپ، ئار-نومۇسقا قالغان بولار ئىدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئىبرەت قىلىپ، كېيىنلىككىلارنى ئويلاڭلار. كاپىر بولۇپ ياشىغاندىن رۇسلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆلگەن ياخشى. تاقەت قىلىڭلار، مەن قۇرئان شىرىپ ۋە قىلىچ بىلەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارىمەن ۋە سىلەرنى رۇس-لارغا قارشى جەڭگە باشلاپ بارىمەن. مەن ھازىر قاتتىق ئەمىر قىلىمەنكى، سىلەر رۇسلار تەرەپكە ئۆتۈش كويىدا بولماڭلار

ۋە بۇنداق خىيالدىمۇ بولماڭلار.“

شامىل بۇ مۇراجەت نامىسىنى ماقۇل كورۇپ ئىمزا قويۇپ، ئۇنى جايلارغا تارقىتىشنى قارار قىلدى.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن ھاجى مۇراتنىڭ ئىشى مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ ئىش شامىل ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. گەرچە ئۇ ئىقرار قىلىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ھاجى مۇرات بولغىنىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ چاققانلىقى، يۈرەكلىكلىكى ۋە باتۇرلۇغى بىلەن چېچېنلەرنى ھازىرقى ئەھۋالغا قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھاجى مۇراتقا ناماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەنە پايدىلانسا، ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى؛ بۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ھاجى مۇراتنىڭ رۇسلارغا ياردەم قىلىشىغا يول قويغىلى بولمايتتى. شۇڭا، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ چارىسى يا ئۇنى شۇ يەردىلا ئولتۇرۇش ئۈچۈن تىفلىسقا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىش، يا بولمىسا بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرۇش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى بولسا ئۇنىڭ ئائىلىسى، بولۇپمۇ ئوغلى ئىدى، شامىل ھاجى مۇراتنىڭ ئوغلىغا ئىنتايىن ئامراقلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى ئوغلى ئارقىلىق قىلىش كېرەك ئىدى.

ئاقساقاللار بۇ توغرىلىق كېڭەشكەندە، شامىل كوزلىرىنى يۇمۇپ، ئويغا چومدى.

كېڭەشتىكىلەر شۇ تاپتا ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتى. بەش

منۇت داۋاملاشقان سۈرلۈك سۈكۈتتىن كېيىن شامىل كۆزىنى ئاچتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ:

— ھاجى مۇراتنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

— ئۇ مەشەدە، — دېدى جامالىدىن.

دېگەندەك، ھاجى مۇراتنىڭ ئورۇقلاپ، رەڭگى-روھى ساغىرىپ كەتكەن، جۇل-جۇل كىيىملىرىدىن قانداقتۇ بىر بەدبۇي كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قەددى-قامىتى ۋە چىرايى ھېلىمۇ زوقلانغۇدەك تۇرغان، مومىسى پاتىمەنىڭكىگە ئوخشايدىغان قارا كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئوغلى يۈسۈپ ئۆزىنىڭ چاقىرىلىشىنى كۈتۈپ، تاشقىرىقى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدا ئولتۇراتتى.

يۈسۈپ شامىلغا دادىسىغا ئوخشاش دۈشمەنلىك بىلەن قارىمايتتى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەچكە، دادىسىنىڭ شامىلغا بۇنداق قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇسى ئۆزىنىڭ بەگزادە بولۇپ خۇنزاختا ئۆتكۈزگەن ئازادە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا شامىل بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرۈش ئورۇنسىز ئىشتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەكسىچە، بەلكى دادىسىغا زىت ھالدا شامىلغا بولەكچىلا زوقلىنىپ، تاغلىقلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھۆرمەت قىلاتتى. ھازىر ئۇ ئىمامغا ئالاھىدە ئېھتىرام ۋە ئەيمە-

نىش تۆيـغۇسى بىلەن مېھـمانخانـىغا كىـرىپ، ئىشىك تۈۋـىدە توختىدى، ئۇنىڭ كوزلىرى شامىلنىڭ كىچىك، يۇمۇق كوزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ بىرئاز تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن شامىلـنىڭ ئالدىغا باردى-دە، ئۇنىڭ ئۇزۇن بارماقـلىق يوغان قوللىرىـنى سويدى.

— سەن ھاجى مۇراتنىڭ ئوغلى بولامسەن؟

— خوش، ئىمام.

— سەن ئۇنىڭ نىمە قىلغىنىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، ئىمام، بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنىمەن.

— سەن خەت يازالامسەن؟

— مەن موللا بولماقچى ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، داداڭـغا خەت ياز، ئەگەر ئۇ ھېيتـقىچە قايتىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئوتىمەن، ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەك بولىدۇ. ئەگەر ئاڭغىچە كەلمەي رۇسلارنىڭ قېشىدا تۇرىۋېرىدىغان بولسا، — شامىل قەھـرى بىلەن قوشۇمـىسىنى تۇردى، — ئۇ چاغدا، مەن سېنىڭ موماڭنى، ئاپاڭنى يېزىلارغا قوللۇقتا تۇتۇپ بېرىمەن، سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن.

يۇسۇپـنىڭ چىـرايـىدا قىلچـمۇ ئوزگىرىـش بولمـىدى، ئۇ شامىلنىڭ سوزىنى ئۇققانلىغىنى بىلدۇرۇپ بېشىنى ئەگدى.

— خەتنى شۇنداق دەپ يېزىپ، مېنىڭ ئەلـچەمگە تاپشۇر-غىن.

شامىل خىيال سۇرۇپ يۇسۇپكە ئۇزاق قارىدى ۋە مۇنداق

دىدى:

— سەن ئۇنىڭغا ئېيت، ساڭا رەھمەت كەلدى، سېنىمۇ ئۇلتۇرمەيمەن. بولمىسا، باشقا ئاسلارغا قىلغىنىمغا ئوخشاش، كوزلىرىڭنى ئويۇۋالىمەن. ماڭ.

يۇسۇپ شامىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئېغىر-بېسىق تۇتتى، لېكىن مېھمانخانىدىن ئېلىپ چىقىلغاندا، ئۆزىنى ئېلىپ چىقىۋاتقان كىشىگە ئېتىلدى-دە، ئۇنىڭ غىلىپىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ باغلاپ، يەنە زىندانغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

شۇ ئاخشىمى نامازشامدىن كېيىن، شامىل ئاق چاپىنىنى كىيىپ قاشادىن ئۆتۈپ، خوتۇنلىرى تۇرىدىغان ھويلىغا كىرىپ، ئامىنەنىڭ ھوجرىسىغا باردى. ئۇيەدە ئامىنە يوق بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى. شامىل كىشىگە كورۇنمەسكە تىرىشىپ، ئۇيگە كىرىپ ئۇنى كۈتتى. ئامىنە شامىلنىڭ يىپەك رەختلەرنى ئۆزىگە بەرمەي، زاھىدەگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن خاپا ئىدى. ئۇ شامىلنىڭ ئۇنى ئىزلەپ ئۇنىڭ ھوجرىسىدىن چىقىپ، يەنە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كورگەن بولسىمۇ، قەستەن ئۇيگە بارمىدى. ئامىنە زاھىدەنىڭ ئىشىگىدە بىر ھازا ئورە تۇرۇپ، بىر دەم ھوجرىغا كىرىپ، بىر دەم چىقىپ ئۆزىنى ئىزلەپ يۈرگەن شامىلغا ئاستا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. شامىل ئامىنەنى خېلى ئۇزاق ساقلاپ بېقىپ

ئوز ئويىگە كىرگەندە، خوپتەنگە ئاز قالغان ئىدى.

## 20

ھاجى مۇرات قورغاندا ئىۋان ماتۋېيېۋىچنىڭ ئويىدە بىر ھەپتە تۇردى. مارىيە دىمىتروۋنا چۇپۇرلۇق خەنەفى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان (ھاجى مۇرات خەنەفى بىلەن ئىلدارنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى) ۋە ئۇنى ئاشخانىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەن سەۋەپتىن خەنەفى ئۇنى ئولتۇرۇۋېتىشكە تاس قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھاجى مۇراتقا باشقىچە زوقلىنىش بىلەن قارايتتى، ھورمەت قىلاتتى ۋە ھىسداشلىق قىلاتتى. ئۇ ھازىر تاماقنى ئوزى توشۇماي، بۇ ئىشنى ئىلدارغا تاپشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېپىنى تاپسىلا ھاجى مۇراتنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا ياخشى كورۇنۇشكە تىرىشاتتى. ھاجى مۇراتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى مەسلىھەتكە ئۇ ئاكتىپ قاتنىشاتتى، ھاجى مۇراتنىڭ نەچچە خوتۇنى، نەچچە بالىسى بارلىغىنى، ئۇلار قانچە ياشتا ئىكەنلىگىنى بىلەتتى، ھەر قېتىم ئايغاقچىلار كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسىنى ئىنچىكىلەپ سورايتتى.

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بۇتلېر ھاجى مۇرات بىلەن پۇتۇنلەي دوست بولۇپ كەتتى. بەزىدە ھاجى مۇرات بۇتلېرنىڭ ئويىگە

www.uyghurkitap.com

بارسا، بەزىدە بۇتلىر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئىزلەپ كېلەتتى. ئۇلار بەزىدە تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشسە، بەزىدە ئۆز ئۇسۇلى بويىچە، ئىشارەت ئارقىلىق، ئاساسەن كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق سۆزلىشەتتى. ھاجى مۇراتنىڭ بۇتلىرنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ئېلدارنىڭ بۇتلىرغا قىلغان مۇئامىلىسىدىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى. بۇتلىر ھاجى مۇراتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئېلدار خوشاللىقىدىن ئۇنى پاقىراپ تۇرغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ كۈتۈۋالاتتى ۋە دەرھال ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى، ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچى بولسا، دەرھال ئېلىپ ئېسىپ قوياتتى.

بۇتلىر ھاجى مۇراتنىڭ قول بېرىشكەن قېرىنداشى خەنەفى بىلەنمۇ چىقىشىپ، ئاغىنە بولۇپ كەتتى. خەنەفى تاغلىقلارنىڭ نۇرغۇن ناخشىسىنى بىلەتتى ۋە ئۇنى تولىمۇ ئوبدان ئېيتاتتى. ھاجى مۇرات بۇتلىرنى خوش قىلىش ئۈچۈن، خەنەفىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى ئېيتقۇزۇپ بېرەتتى. خەنەفىنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن جاراڭلىق بولۇپ، ناخشىنى تولىمۇ ئوچۇق ۋە يېقىملىق ئېيتاتتى. ئۇنىڭ بىر ناخشىسىغا ھاجى مۇرات بەكمۇ ئامراق ئىدى، بۇ تەسىرلىك، مۇڭلۇق ناخشا بۇتلىرنى ھەيران قالدۇراتتى. بۇتلىر تەرجىمانغا بۇ ناخشىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ يېزىۋالدى.

بۇ ناخشا قانلىق ئىنتىقام ئىشلىرى يەنى خەنەفى بىلەن ھاجى مۇرات ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە توغرىسىدىكى ناخشا

ئىدى.

بۇ ناخشىنىڭ سوزى مۇنداق ئىدى:

قۇرۇيدۇ قەۋرەمدىكى نەم تۇپراقلار،
ئۇنتۇغانسەن سەنمۇ مېنى جېنىم ئانا.
قەۋرەمگە ئۇنۇپ چىققان قويۇق ئوت-چوپ
سېنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىڭنى كومەر دادا.
ئاچامنىڭ كوز ياشلىرى قۇرىغاندا،
كوڭلىدىن غەم-قايغۇلار بولار ئادا.
چوڭ ئاكا ئالماي تۇرۇپ ئەنتىمنى سەن،
يادىڭدىن چىقارمىغىن مېنى ئەسلا.
مەن بىلەن ياتقىچىلىك بىر قەۋرىدە
ئۇنتۇما سەنمۇ مېنى كىچىك ئاكا.
ئوقلار، سەن كەلتۇرەرسەن جېنىمغا ئەجەل،
لېكىن سەن ئەمەسمىدىڭ سادىق قۇلۇم.
قارا يەر، ئالارسەن مېنى قوينۇڭغا،
دەسسىگەن ئەمەسمىدى سېنى ئېتىم.
دەھشەتلىك بولساڭمۇ سەن ئولۇم گەرچە،
مەن سېنىڭ خوجايىنىڭ — ئىگەڭ ھامان.
جىسمىمنى ئالار تۇپراق قۇچىغا،
روھىمنى قوبۇل قىلار كەڭرى ئاسمان.

www.uyghurkitap.com

ھاجى مۇرات ھەمىشە بۇ ناخشىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى، ناخشا بارا-بارا پەسىيىپ ئاياقلاشقاندا، رۇس تىلىدا:

— ياخشى ناخشا، قالتىس ناخشا، — دەپ قوياتتى.

ھاجى مۇرات كەلگەندىن كېيىن، ھاجى مۇرات بىلەن ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن يېقىنلىشىش نەتىجىسىدە، بۇتلېرنى تاغلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىچە بولغان كۈچلۈك شېرىي ھېسسىيات تېخىمۇ جەلپ قىلدى. ئۇ ئۆزىگە پەشمەت، چېركەسكە، ئۆتۈك تىكتۈردى، ئۇ گويا ئۆزىنى تاغلىقلاردەك، تاغلىقلارغا ئوخشاش ياشاۋاتقاندەك سېزەتتى.

ھاجى مۇرات يولغا چىقىدىغان كۈنى ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بىرقانچە ئەپىتسەرنى ئۇنى ئۇزىتىشقا تەكلىپ قىلدى. ئەپىتسەرلەرنىڭ بەزىلىرى چاي ئۈستىلى يېنىدا ئولتۇراتتى، مارىيە دمىترىۋنا ئۇلارغا چاي قۇيۇۋاتاتتى، بەزىلىرى ۋوتكا، ۋىنو ۋە سوغاق سەي قويۇلغان ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇشاتتى. بۇ پەيتتە، سەپەر كىيىمى كىيگەن ھاجى مۇرات يېنىك قەدەم بىلەن ئاقساپ كىرىپ كەلدى.

ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىۋان ماتۋېيېۋىچ ئۇنى سافاغا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ رەھمەت ئېيتىپ، دېرىزە يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كىرگەندىن كېيىنكى جىم-جىتلىق ئۇنى قىلچىمۇ خاۋاتىرلەندۈرمىدى. ئۇ ھەممەيلەنگە

بىر قۇر كوز يۇگۇرتۇپ چىقىقانىدىن كېيىن، چاي ۋە سوغاق سەيلەر قويۇلغان ئۇستەلگە قارىدى. ھاجى مۇراتنى تۇنجى قېتىم كورگەن شوخ ئەپىتىسەر پېترووۋىسكى تەرجىمان ئارقىلىق ھاجى مۇراتتىن تىفلىس يارىدىمۇ دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دىدى ئۇ.

— ھەئە، — دەيدۇ دەپ جاۋاپ بەردى تەرجىمان.

— ئۇنداقتا، نىمىسى ياراپتۇ؟

ھاجى مۇرات جاۋاپ بەردى.

— ئۇنىڭغا تىياتىرخانا ھەممىدىن بەك ياراپتۇ.

— باش قوماندانىنىڭ ئويىدىكى تانسا ياراپتۇمۇ؟

ھاجى مۇراتنىڭ قاپىغى تۇرۇلدى.

— ھەر مىللەتنىڭ ئوزىگە خاس ئورپ-ئادىتى بار، بىزنىڭ ئۇ يەردىكى خوتۇن-قىزلار بۇنداق كىيىنمەيدۇ، — دىدى ئۇ مارىيە دىمىترووۋناغا قاراپ.

— قانداق، ئۇنىڭغا يارىمامدىكەن؟

— بىزدە، — دىدى ئۇ تەرجىمانغا، — ئىت خېچىرنى گوشكە تەكلىپ قىپتۇ، خېچىر ئىتنى ئوت-چوپكە تەكلىپ قىپتۇ، ئاخىر ئىككىلىسى ئاچ قاپتۇ، دىگەن تەمسىل بار، — ئۇ پىسىڭىدە كۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — ھەر مىللەتكە ئوزىنىڭ ئورپ-ئادىتى ياخشى.

پاراڭ داۋاملاشىدى. ئەپىتىسەرلەرنىڭ بەزىلىرى چاي ئىچىشكە باشلىدى، بەزىلىرى سەيگە ئېغىز تەگدى. ھاجى

مۇرات ئۆزىگە قويۇلغان بىر ئىستاكان چاينى ئالدىغا ئېلىپ قويدى.

— نىمىنى خالايسىز؟ قايماقنىمۇ، بولكىنىمۇ؟ — مارىيە دىمىتروۋنا بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ سورىدى.

ھاجى مۇرات بېشىنى سەل-پەل ئېگىپ رەھمەت ئېيتتى.

— مانا، ئايرىلىدىغان بولدۇق، — دېدى بۇتلېر ئۇنىڭ تىزىغا نوقۇپ، — يەنە قاچان كۆرۈشەرمىز؟

— خەير، خوش، — دېدى ھاجى مۇرات تەبەسسۇم بىلەن رۇس تىلىدا، — بۇتلېر دوستۇم، سەن ھەقىقەتەن ياخشى دوستۇم، ۋاقىت توشتى، مەن ماڭاي. — ئۇ ماڭماقچى بولغان تەرەپنى كۆرسەتكەندەك بېشىنى ئىغاڭلاتتى.

ئىشىكتە مۇرىسىگە يوغان ئاپپاق بىر نەرسىنى ئارتىۋالغان، قولىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان ئېلدار كۆرۈندى. ھاجى مۇرات ئۇنى كىرىشكە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ چوڭ-چوڭ دەسسەپ ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاق بۆركا بىلەن قىلىچنى ھاجى مۇراتقا بەردى. ھاجى مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق بۆركىنى ئېلىپ، ئۇنى ئىككى قوللاپ مارىيە دىمىتروۋناغا سۇندى ۋە تەرجىمانغا بىرنەرسىلەر ئېيتىپ گەپ قىلدى:

— ئۇ، سەن مېنىڭ بۆركامنى ماختىغان ئىدىڭ، شۇڭا ساڭا تەقدىم قىلىمەن، دەيدۇ.

— نىمىشقا ئۇنداق قىلىدىكەن؟ — دەپ مارىيە دىمىتروۋنا قىزىرىپ كەتتى.

— شۇنداق بولۇشى كېرەك، بۇ بىزنىڭ ئادىتىمىز، — دېدى

ھاجى مۇرات.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى مارىيە دىمىتروۋنا، — خۇدايىم سىزدەك ياخشى ئادەمنىڭ بالا ـ چاقىسىنى قۇتـقۇزۇشـقا نېسىپ قىلسۇن، — ئۇ يەنە تەرجىمانغا قاراپ: — يەتكـۇزۇپ قويۇڭ، مەن ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىشىنى تىلەيـ مەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ھاجى مۇرات مارىيە دىمىتروۋناغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن ئېلدارنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپ، ئىۋان ماتۋېيېۋىچقا تەقدىم قىلدى. ئىۋان ماتۋېيېۋىچ قىلىچنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، تەرجىمانغا:

— ئۇنىڭغا سوغا قىلغۇدەك كوپ نەرسەممۇ يوق. ئاختا قىلىنـ غان چىلانتورۇق ئېتىمنى ئېلىپ كەتكەي، — دېدى.

ھاجى مۇرات قولىنى كوكسىگە ئېلىپ، ھېچنەرسە كېرەك ئەمەسلىكىنى، ئاتنى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئاندىن تاغنى، يۇرىكىنى كورسىتىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ھەممەيـ لەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى. ئويدە قالغان ئەپىتسەرلەر قىلىچنى غىلاپتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، راستىنلا گۇردا قىلىچى① ئىكەن دېيىشتى.

بۇتلېر ھاجى مۇرات بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيگە چىققاندا، بۇ يەردە ھېچكىم خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغان بىر

---

① گۇردا قىلىچى — كاپكازدا ئىشلەنگەن قەدىمىي داڭلىق قىلىچ.

ۋەقە يۈز بەردى، ئەگەر ھاجى مۇرات ھوشيار، قەتئى، چىچەن بولمىغان بولسا، جېنىدىن ئايرىلغان بولاتتى.

تاش-كېچۈ دىگەن يېزىدىكى قۇمىق خەلقى ھاجى مۇراتقا ناھايىتى چوڭ ھورمەت بىلدۈردى، ئۇلار بۇ ئاتاقلىق نائىبنى كورۇش ئۇچۇنلا قورغانغا كوپ قېتىم كەلگەن ئىدى. ھاجى مۇرات يولغا چىقىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ، ھاجى مۇراتنى جۈمە كۈنى ئۇزلىرىنىڭ مېچىتىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. لېكىن تاش-كېچۈدا تۇرىدىغان، ھاجى مۇراتنى ئىنتايىن يامان كورىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن قۇمىق خانى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جاماەتكە ھاجى مۇراتنى مېچىتكە كىرگۈزمەسلىكنى جاكالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت بىلەن خان تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقتى. رۇس ئەمەلدارلىرى تاغلىقلار ئارىسىدىكى بۇ ۋەقەنى تىنچىتتى ۋە ھاجى مۇرات مېچىتكە كەلمىسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن. ھاجى مۇراتمۇ بارمىغان، كوپچىلىك بۇ ۋەقە بېسىقتى دەپ ئويلىغان ئىدى.

ھاجى مۇرات كەتمەكچى بولۇپ ئىشىك ئالدىغا پەلەمپەيگە چىققاندا. ئۇۋان ماتۋېيېۋىچنىڭ ئويىگە كەلگەن ۋە بۇتلېر بىلەن ئۇۋان ماتۋېيېۋىچنىڭ تونۇشى بولغان قۇمىق خانى ئارسلانخان تۇراتتى.

ئۇ، ھاجى مۇراتنى كورۇپلا يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ، ھاجى مۇراتقا توغرىلىدى. لېكىن ئارسلانخان ئېتىشقا ئۈلگۈرەلـ

مدى، هاجى مۇرات ئاقساق بولغىنىغا قارىماي، مۇشۇكتەك غىپپىدە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئارسلانخانغا ئېتىلدى. ئارسلانخان ئوق چىقىرىۋىدى، تەگمىدى، هاجى مۇرات ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ كېلىپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاتارچە ۋاقىرىدى.

شۇ ئەسنادا، بۇتلېر بىلەن ئېلدار بۇ ئىككى رەقىپنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ بېرىپ، ئىككىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىۋان ماتۋېيېۋىچمۇ چىققان ئىدى.

—بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ئارسلانخان، سەن ئىشىگىمنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق شۇملۇق قىلغىلى كەلگەنمۇ؟—ئۇ نىمە ئىش بولغانلىغىنى ئۇققاندىن كېيىن شۇنداق دىدى،—بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، قېرىنداش، دالىدا بولسىمۇ بىر نورى ئىدى، نىمىشقا بۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن.

قارا بۇرۇتلۇق، جۈغى كىچىك ئارسلانخان تاتىرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشقان هالدا ئېتىدىن چۈشۈپ، هاجى مۇراتقا تازا ئالىيىپ بىر قارىدى-دە، ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى؛ هاجى مۇرات ئېتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئېغىر تىنىپ، كۈلۈمسىرىدى.

—ئۇ نىمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ؟—دەپ سورىدى بۇتلېر.

—ئۇ، بىزنىڭ قانۇنىمىز شۇنداق، ئارسلانخان مەندىن

www.uyghurkitap.com

قانلىق ئىنتىقامىنى ئېلىشى كېرەك! شۇڭا ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى، دەيدۇ، ــ دېدى تەرجىمان ھاجى مۇراتنىڭ سوزىنى يەتكۈزۈپ.

ــ ئەگەر يولدا ئۇ سېنى قوغلاپ كەلسەچۇ؟ ــ دەپ سورىدى بۇتلېر.

ھاجى مۇرات كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ــ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى. خەير، خوش. ــ ئۇ رۇسچە سوزلەپ، ئېتىنىڭ ياپلىسىنى تۇتۇپ، ئۇزاتقۇچىلارغا كوز يۈگۈرتتى، ئۇنىڭ كوزلىرى يېقىملىق ھالدا مارىيە دىمىترىۋناغا تىكىلدى.

ــ خوش، ئاچا، رەخمەت سىزگە، ــ دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

ــ خۇدايىمغا ئامانەت، خۇدايىم بالا ــ چاقىلىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن، ــ دېدى مارىيە دىمىترىۋنا قايتا ــ قايتىلاپ. ھاجى مۇرات بۇ سوزنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇزىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئېسىڭدە تۇت، دوستۇڭنى ئۇنتۇپ قالما، ــ دېدى بۇتلېر.

ــ سەن ئېيتىپ قوي، مەن ئۇنىڭ ۋاپادار دوستى، ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ــ دېدى ھاجى مۇرات تەرجىمان ئارقىلىق جاۋاپ بېرىپ. ئۇ پۇتىنىڭ ئاقساق بولۇشىغا قارىماي، ئۇزەڭگىگە پۇتى تېگىشى بىلەنلا لىككىدە ئىرغىپ ئىگىز ئىگەرگە قونۇپ، ئادىتى بويىچە تاپانچىسىنى سىلاپ قىلىچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى ــ دە، تاغلىقلار ئات مىنگەندە بولىدىغان غۇرۇر ۋە ھەيۋەت بىلەن ئىۋان ماتۋېيېۋىچنىڭ ئويىدىن يۈرۈپ كەتتى.

خەنەفى بىلەن ئىلدارمۇ ئاتقا مىنىپ، ساھىپخان ۋە ئەپتسەرلەر بىلەن دوستلارچە خوشلىشىپ ئىتىنى يورغىلىتىپ، ئۇستازىغا يېتىشىۋالدى.

ھەرقاچانقىدەك، خوشلىشىپ كەتكەنلەر توغرىلىق پاراڭ باشلاندى.

— ئەزىمەت ئىكەن!

— ئارسلانخانغا بورىدەك ئىتىلىۋىدى، چىرايىدا قان قالمىدى.

— ئۇنىڭ لاپ ئۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ بىر ئالدامچى بولسا كېرەك، — دېدى پېترووۋىسكى.

— خۇدا روسىيىدىمۇ مۇشۇنداق ئالدامچىلارنى كوپرەك قىلغان بولسىچۇ، — دېدى مارىيە دىمىترووۋنا زەردە بىلەن سوزگە ئارىلىشىپ، — بۇ يەردە ئۇ ھەپتە تۇردى، ئۇنىڭ ياخشىلىغىدىن باشقا ھېچ نىمىسىنى كورمىدۇق، ئوزى ئوڭلۇق، زېرەك، ئادىل كىشى ئىكەن.

— بۇلارنى سىز قانداق بىلىسىز؟

— مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن-دە.

— كوڭلى چۈشۈپ قالدىمىكىنە؟ — دېدى چىقىۋاتقان ئىۋان ماتۋېيېۋىچ، — چوقۇم شۇنداق بولسا كېرەك.

— كوڭلۇم چۈشۈپ قالغان بولسا نىمە بوپتۇ، سىلەرنىڭ نىمە كارىڭلار؟ ياخشى ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلسام بولامتى؟ ئۇ تاتار بولسىمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن.

— توغرا، مارىيە دىمىتروۋنا، ئاقىلغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى بۆتلېر.

## 21

چېچېن ئالدىنقى سىپىنىڭ تۆرمۆشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاشۇ چاغدىن باشلاپ تاغلىقلار ئىككى قېتىم كېلىپ پاراكەندىچىلىك تۆغدۆردى. بۆ ئىككى قېتىمدا بىرنەچچە لىيەن، ئاتلىق كازاكلار ۋە ساقچىلار ئىشقا سېلىنغان بولسىمۇ، ئىككىلا قېتىمدا تاغلىقلارنى توسۇپ قالغىلى بولمىدى. ئۇلار بىر قېتىم ۋوزدۋىژېنسكىغا كېلىپ، سۇغۇرۇۋاتقان يەردىن كازاكلارنىڭ سەككىز ئېتىنى ھەيدەپ كەتتى ۋە بىر كازاكنى ئۆلتۆرۆۋەتتى. يېقىندا بىر قېتىم ھىلىقى يېزىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن كېيىن، قايتا ھۇجۇم قىلدى. چۆنكى بارياتىنسكىي كىنەز سول تەرەپ قوشۇنىغا باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، چېچېنلەر رايونىغا چوڭ كولەمدە يۇرۇش قىلىش تەرەددۇدىنى قىلىۋاتاتتى.

كىنەز بارياتىنسكىي پادىشا شاھزادىسىنىڭ دوستى، كاباردا تۆەنىنىڭ سابىق تۆەنجاڭى، ھازىر بولسا پۈتۈن سول تەرەپ قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ گروزنايا كەلگەندىن كېيىن، چېرنىشېۋ ۋورونتسوۋغا يازغان پادىشانىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش

ئۇچۇن قىسمىلارنى دەرھال توپلىدى. ۋوزدۋىژېنسكىغا توپلان-
غان ئەسكەرلەر قورغاندىن كۆرىنىسكى تەرەپتىكى بازىغا كىردى.
قىسمىلار شۇ يەردە تۇرۇپ ياغاچ كېسەتتى.

ۋورونتسوۋ بىر ھەشەمەتلىك دۇخاۋا چېدىردا تۇراتتى.
ئۇنىڭ خوتۇنى مارىيە ۋاسىلىيېۋنا تۇەن ئىشتاۋىغا كېلىپ تۇراتتى،
تولا ۋاقىتلاردا قونۇپمۇ قالاتتى. بارياتىنىسكىنىڭ مارىيە ۋاسىلى-
يېۋنا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاپ-ئاشكارا ئىدى. مارىيە
ۋاسىلىيېۋنا گەزەرمىگە كەلسىلا، ئۆزلىرى كېچىلىك جىسەكچىلىككە
ئەۋەتىلىدىغان بولغاچقا، ئوردا خىزمىتىدە بولمىغان ئەپىتسەر ۋە
ئەسكەرلەر ئۇنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللايتتى. تاغلىقلار
ھەمىشە زەمبىرەكلىرىنى تۇيدۇرماي يېقىن ئەكىلىپ، گەزەرمىنى
توپقا تۇتاتتى. بۇ ئوقلارنىڭ تەگدىن تولىسى بىكار كېتىدىغان-
لىقى ئۈچۈن، ئادەتتە ھېچقانداق مۇداپىە تەدبىرى كورۇلمەيتتى.
ئەمما تاغلىقلار زەمبىرەكلىرىنى يېقىن يوتكەپ كېلىپ مارىيە
ۋاسىلىيېۋنانى چوچۇتۇۋەتمىسۇن دەپ جىسەكچى قويۇلاتتى. بۇ
ئىسلزادە خېنىمىنىڭ چوچۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەر كېچىسى
جىسەكچىلىك قىلىش ھاقارەتلىك، يىرگىنىشلىك ئىش بولغاچقا،
ئەسكەرلەر ۋە يۇقۇرى تەبىقىگە ئارىلاشمايدىغان ئەپىتسەرلەر
يامان گەپلەر بىلەن مارىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى.

بۇتلېر پاژىسكى ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىدە بىللە ئوقۇغان
ساۋاقداشلىرىنى ۋە كۆرىنسكى تۇەنىنىڭ ئىشتاۋىدا ئالاقىچى
ۋە فۇگوەن بولغان دوستلىرىنى كورۇش ئۈچۈن، رۇخسەت

سوراپ ئۇز قورغىنىدىن بۇ يەرگە كەلدى. دەسلەپكى بىرنەچچە كۈننى ئىنتايىن كوڭۇللۇك ئۆتكۈزدى. ئۇ، پولتاراتسكىينىڭ چېدىرىغا ئورۇنلاشتى ۋە ئۇ يەردە خوشاللىق بىلەن كۈتۈۋالغان نۇرغۇن تونۇش-بىلىشلىرى بىلەن تېپىشتى. ئۇ ۋورونتسوۋنىڭ يېنىغىمۇ باردى، ئۇ ۋورونتسوۋ بىلەن بىر مەزگىل بىللە خىزمەت قىلغاچقا، ئازراق تونۇشاتتى. ۋورونتسوۋ ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى ۋە باريانتىنسكى كىنەز بىلەن تونۇشتۇردى ۋە سابىق سول تەرەپ قوشۇنىنىڭ باشلىغى كوزلوۋىسكىنى ئۇزىتىش زىياپىتىگە تەكلىپ قىلدى.

زىياپەتمەيدانى كاتتا راسلاندى، قاتار ئالتە چېدىر تىكىلدى. چېدىرنىڭ ئىچىدىكى بۇ باشتىن ئۇ باشقىچە قويۇلغان شىرەلەرگە ھەر خىل تائام ۋە ھاراق-شاراپ تىزىلغان بولۇپ، بۇلار پېتېربۇرگدىكى گۋۋاردىيە تۇرمۇشىغا ئوخشايتتى. زىياپەت سائەت ئىككىدە باشلاندى. ئوتتۇرىدىكى شىرەنىڭ بىر تەرىپىدە باريانتىنسكى، يەنە بىر تەرىپىدە كوزلوۋىسكى ئولتۇردى. كوزلوۋىسكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋورونتسوۋ، سول تەرىپىدە ۋورونتسوۋنىڭ خوتۇنى ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ يانلىرىدا كاباردا ھەم كۇرىنىسكى تۇمەنىنىڭ ئەپىتسەرلىرى ئولتۇرۇشتى، بۇتلېر پولتاراتىسكى بىلەن بىللە ئولتۇردى، ئىككىسى قىزىق پاراڭلىشىپ، يېنىدىكى ئەپىتسەرلەر بىلەن ھاراق ئىچىشتى. زىياپەت تازا قىزىشقا باشلىغاندا، خىزمەتچى ئەسكەرلەر ھەر بىر كىشىگە بىر رومكىدىن شامپانسكى قۇيدى. پولتاراتسكى چىن كوڭلىدىن

ۋەھىمە يىگەن ۋە ئەپسۇسلانغان ھالدا بۇتلىرىغا:
— بىزنىڭ ”بۇ“ تازىمۇ سەت چاندۇرىدىغان بولدى-دە، —
دېدى.
— نېمىشقا؟
— ئۇ سوزلىشى كېرەك ئىدى، قانداقمۇ سوزلىيەلە؟
— ھە، ئۇكا، بۇ ۋىژىلداپ يىغىۋاتقان ئوقىا قارىماي ھۇجۇمغا ئوتكەندەك ئاسان ئەمەس-دە. يېنىدا بۇ خېنىم، ئوردا ئاقسوڭەكلىرى ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ. — ئەپتىسەرلەر بىر بىرى بىلەن ئاشۇنداق پىچىرلىشاتتى.
تەنتەنىلىك مىنۇتلارمۇ كەلدى. بارىياتىنىسكى رۇمكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كوزلوۋسكىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. بارىياتىنىسكى سوزلەپ بولغاندىن كېيىن، كوزلوۋسكى ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوزلىدى:
— پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن، ھە، سىلەردىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن، ئەپتىسەر جاناپلار، لېكىن سىلەر مېنى، ھە، دائىم ئوزەڭلار بىلەن بىللە ھىساپلاڭلار... جاناپلار، ھە، يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقمايدۇ دىگەن ھەقىقەتنى سىلەر بىلىسىلەر. شۇڭا، ھە، مەن ۋەزىپە ئوتىگەن چېغىمدا، ھە، بارلىق مۇكاپاتلاش، ھە، ياكى جازالاش ئىشىنىڭ ھەممىسى پادىشا ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ شەپقىتى بىلەن بولدى، ھە، مېنىڭ مەرتىۋەم، شان-شەرىپىم، بارلىق

قەتئى نىيەت بىلەن، ھە...—سوزى شۇ يەرگە كەلگەندە ئاۋازى تىترەپ كەتتى،—مەن ھەممىڭلارنى، قەدىرلىك دوستلىرىم، ھە، مەن ئىنتايىن ياخشى كورىمەن!—ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى تېخىمۇ قورۇلۇپ كەتتى. كوزلىرىدە ياش ئەگىدى، بۇرنىنى تارتىپ ئۇكسۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى،—مەن سىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن، ھە، چىن يۈرىگىمدىن سەممى رەھمەت ئېيتىمەن...

كوزلوۋىسكى سوزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئالدىغا كەلگەن ئەپىتسەرلەرنى قۇچاقلاشقا باشلىدى. ھەممەيلەن تەسىرلىنىپ كەتتى. كىنەز خانىم ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئورىۋالدى. كىنەز سىمون مىخايلوۋىچ ئاغزىنى قىسايتىپ، كوزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى. نۇرغۇن ئەپىتسەرلەر كوزلىرىگە ياش ئالدى. كوزلوۋىسكىنى ئانچە تونۇمايدىغان بۈتلېرمۇ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. بۇ ئىشلار ئۇنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى. ئاندىن كېيىن، بارياتىنسكى، ۋورونتسوۋ، ئەپىتسەرلەر، ئەسكەرلەر ئۇچۇن قەدەھ كوتىرىش باشلاندى، مېھمانلار تارقىلىشقاندا، ھاراقنىڭ كۇچىدىن ھەم ئۇزلىرى ئالاھىدە ياخشى كورىدىغان ھەربى تۇرمۇش خوشاللىغىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەس بولۇشقان ئىدى.

ھاۋا ئوچۇق، شامال دىدارى يوق ئىدى، ساپ ھاۋا كىشىنىڭ كوڭلىنى كوتىرەتتى. ئەتراپتا لاۋۇلداپ گۇلخانلار يېنىپ كەتكەن ئىدى، ناخشىلار ئاڭلىناتتى. ھەممە ئادەم ھېيت ئۇيناۋاتقاندەك ئىدى. بۈتلېر بەخت ۋە ھاياجان ھىسلىرىغا چومگەن

ھالدا پولتاراتىسكىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. پولتاراتىسكىنىڭ ئويىدە بىرنەچچە ئەپتىسەر قەرت ئويناۋاتاتتى، بىر فوگوەن يۈز سوم تىكىپ، دو چىقتى. بوتلىر چېدىردىن ئىككى قېتىم چىقىپ، يانچۇغىدىكى قاپچۇغىنى تۇتۇپ باقتى، لېكىن يەنە چىداپ تۇرالماي، ئوزىگە ۋە دوستلىرىغا قىمار ئويناسلىق توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزۇپ، تاۋىكاغا چۈشتى.

بىر سائەتكە قالماي، بوتلىر يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ، قارا تەرگە چومۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باسقان ھالدا ئىككى قولى بىلەن جوزىنى جەينەكلەپ ئولتۇرۇپ، يېپىقلىق قەرتنىڭ بۇرجىگى ئاستىدىكى تىكىلگەن پۇلنىڭ سانىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ بەك كوپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولغاچقا، بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنىڭ سانىنى چىقىرىشتىن قورقتى. ھېساپلىمىسىمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئالدىن ئېلىشقا بولىدىغان مائاشىنىڭ ھەممىسىنى، ئېتىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قوشۇپ تولىسىمۇ، ھىلىقى ناتونۇش فوگوەنگە بوغۇلغان قەرزنى تولەپ بولالمايتتى. ئۇنىڭ يەنە ئوينىغۇسى بار ئىدى، لېكىن ھىلىقى ئەپتىسەر تەرىنى بۇزۇپ، ئاپپاق قوللىرى بىلەن قەرتنى قويۇپ، بور بىلەن يېزىلغان بوتلىر ئۇتتۇرغان پۇلنىڭ ھىساۋىنى چىقىرىشقا باشلىدى. بوتلىر پەرىشان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى، ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تولىيەلمىگەنلىكتىن، ئائىلىسىدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سوزلەۋېتىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئوزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى، ھەممەيلەننىڭ

ھەتتا پولتاراتىسكىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كوزىگە قارىماسلىقتا تىرىشىۋاتقانلىغىنى سەزدى. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى كېچىسى بولىدى. ئۇ، قىمار ئوينىماي، تەكلىپ بويىچە ۋورونتسوۋلارنىڭكىگە بارغان بولسام، "ھەممە ئىش ياخشى بولغان بولاتتى" دەپ پۇشايمان قىلدى. ھازىر ئويلىغانسېرى ئۇنى قورقۇنچ باساتتى.

ئۇ دوستلىرى ۋە تونۇش-بىلىشلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئويىگە قايتتى. ئۇ ئويىگە كېلىپلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇ شۇ ئۇخلىغان پېتى ئون سەككىز سائەت ئۇخلىدى. مارىيە دىمىتروۋنا بۇتلىرىنىڭ ئوزىنى ئۇزۇتۇپ كەلگەن كازاكقا بېرىش ئۈچۈن ئەللىك تىيىن پۇل سورىشىدىن، غەمكىن چىرايىدىن ۋە قىسقىچىلا جاۋاۋىدىن ئۇنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىگىنى ئۇقتى ۋە ئۇنى قويۇپ بەرگەنلىگى ئۈچۈن ئىۋان ماتۋېيېۋىچنى ئەيىپلىدى.

ئەتىسى بۇتلىر سائەت ئون ئىككىدە ئويغىنىپ، ئوزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ، ئويغىنىشتىن ئىلگىرىكى ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالىتىگە يەنە قايتىشنى خىيال قىلغان ئىدى، مۇمكىن بولماي قالدى. بىر ئامال قىلىپ، ھىلىقى ناتونۇش كىشىگە توت يۈز يەتمىش سوم تولەش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ بىر چارىسى ئاكىسىغا خەت يېزىپ، ئوزىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلىپ، ئوزلىرىدىگە مىراس بولۇپ قالغان تۈگمەنىنىڭ ھىساۋىدىن ئاخىرقى قېتىم بەش يۈز سوم ئەۋەتىشنى سوراپ ئاكىسىغا خەت يېزىشتىن، يەنە بىر چارىسى بىر بېخىل ئايال توققىنىغا بەش يۈز سوم ئەۋەتىپ بېرىشنى ۋە بۇنىڭ

ئوسۇمنى ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە بېرىشنى ئېيتىپ خەت يېزىشتىن ئىبارەت بولدى. ئاندىن كېيىن، ئىۋان ماتۋېيېۋىچىنىڭ ياكى مارىيە دىمىتروۋنانىڭ پۇلى بارلىغىنى بىلىپ، بەش يۈز سوم قەرز سورىدى.

—مەندە گەپ يوق، —دىدى ئىۋان ماتۋېيېۋىچ، —بەلكى ھازىرلا بېرەتتىم، لېكىن ماشكا ئۇنىمايدۇ. ئايال خەق ئىنتايىن بېخىل بولىدۇ، بۇلارنى بىلىپ بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئامال قىلاي، ئارمىيە بىللە يۈرىدىغان ھىلىقى ئۇزۇق-تۈلۈك سودىگىرىدە يوقمىكىن؟

بۇ سودىگەردىن پۇل سوراش ئاقمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇتلېرنىڭ ئۈمىدى ئاكىسى بىلەن بېخىل ئايال تۇققىنىدىلا قالدى.

## 22

ھاجى مۇرات چېچېنلەر رايونىدا مەقسىدىگە يېتەلمەي، يەنە تىفلىسقا قايتىپ كەلدى، ئۇ ھەر كۈنى ۋورونتسوۋ بىلەن كورۇ-شۇپ تۇراتتى، قوبۇل قىلىنغان چاغلىرىدا ئەسىرگە چۈشكەن تاغلىقلارنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى تېگىشىشنى ئۆتۈنەتتى. بولمىسا ئۆزىنىڭ قىسىلىپ قالىدىغانلىغىنى، رۇسلارغا

خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە شاملنى يوقىتالمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئېيتاتتى. ۋورونتسوۋ ئىمكانىيەتنىڭ بىرىنچە بۇنىڭ بىر يولىنى قىلىمەن دەپ مۇجمەل جاۋاپ بەرسىمۇ، لېكىن گېنېرال ئارگۇتىنىسكى تىفلىستا كەلگەندە مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلايلى دەپ، بۇ ئىشنى ئارقىغا سوزۇپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاجى مۇرات ۋورونتسوۋدىن ۋاقتىنچە نۇخاغا بېرىپ تۇرۇشقا رۇخسەت سورىدى. نۇخا جەنۇبىي كاپكازدىكى كىچىك-كىنە بىر شەھەر ئىدى. ھاجى مۇرات ئۇ يەردە ئائىلىسىدىكىلەر توغرىلىق شامىل بىلەنمۇ، ئۇزىگە ئىخلاس قىلىدىغان كىشىلەر بىلەنمۇ سوزلىشىش سەل ئەپلىكرەك دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇخا مۇسۇلمان شەھىرى بولغاچقا، مېچىتمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بەش ۋاق نامازنى ئوقۇشىغا تېخىمۇ قولايلىق ئىدى. ۋورونتسوۋ بۇ ئىشلارنى پېتېربۇرگقا دوكلات قىلىپ، ھاجى مۇراتنىڭ نۇخاغا بېرىشىغا ئاخىر رۇخسەت قىلدى.

بۇ ۋەقە ۋورونتسوۋ، پېتېربۇرگ دائىرىلىرى ۋە ھاجى مۇراتنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان كوپلىگەن رۇسلار ئۇچۇن كاپكاز ئۇرۇشىنىڭ ياخشى بۇرۇلۇشى ياكى ئاددى بىر قىزىقارلىق خەۋەر بولۇپ كورۇنەتتى؛ ھاجى مۇرات ئۇچۇن بولسا، بولۇپمۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى قورقۇنچلۇق بۇرۇلۇش بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوزىنى قۇتۇلدۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن شامىلدىن ئوچ ئېلىش ئۇچۇن تاغدىن قاچقان ئىدى، بۇ قېچىش شۇنچە قىيىن چۇشكەن بولسىمۇ، ئۇ مەقسە-

دىگە يەتتى. دەسلەپتە ئىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىدىن ناھا-يىتى خوشال بولغان، شامىلغا ھۇجۇم قىلىشنىمۇ ھەقىقەتەن ئويلىغان ئىدى. ئۇ بالا-چاقىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى تولىمۇ ئاسان چاغلىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىن كوپ قىيىن بولۇپ چىقتى. شامىل ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تۇتۇپ ئەسىر قىلىپ، ئاياللارنى ھەرقايسى كەنتلەرگە قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئوغلىنى ئولتۇرىدىغانلىقى ياكى كوزىنى ئويۇۋالىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ھاجى مۇرات ئەمدى داغىستان-دىكى مۇرىتلىرى ئارقىلىق، پەم بىلەن ياكى قورال كۈچى بىلەن بولسىمۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى شامىلنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇ-ۋېلىش كويىدا نۇخاغا كوچۇپ كەلدى. يېقىندا بىر ئايغاقچى نۇخادا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان ئاۋارىي-لارنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ قېچىپ، ئۇلار بىلەن بىللە رۇسلار تەرەپكە ئوتۇشكە تەييارلانغانلىقىنى، لېكىن بۇن-داق قىلىشنى خالايدىغانلار بەك ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسى-دىكىلەر نەزەربەنت قىلىنغان ۋېدېنوغا تەگمەي، ئۇلارنى ۋېدېنودىن باشقا يەرگە يوتكىگەندە ئاندىن تېگىشنى قارار قىلىشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى يېرىم يولدا پۈتتۈرۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئېيتتى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭغا: دوستلىرىمغا ئېيت، ئائىلەمدىكىلەرنى قۇتقۇزغانلارغا 3 مىڭ سوم ئىنئام قىلى-مەن، دەپ تاپىلىدى.

نۇخادا ھاجى مۇراتقا مېچىتكە ۋە خان ئوردىسىغا يېقىن

يەردىن بەش ئېغىزلىق ئۆي بېرىلدى. ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇلغان ئەپىتسەر، تەرجىمان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇرىستلىرىمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى. ھاجى مۇراتنىڭ كۈنى تاغدىن كەلگەن ئايغاقچىلارنىڭ يولىغا قاراش ۋە قوبۇل قىلىشتىن باشقا، رۇخسەت قىلىنغىنى بويىچە، شەھەر ئەتراپىدا ئاتلىق ئايلىنىپ تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتەتتى.

8 ـ ئاپرېل كۈنى ھاجى مۇرات تاماشادىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزى بۇ يەردە يوق چاغدا تىفلىستىن ۋورونتسوۋنىڭ بىر ئەلچىسى كەلگەنلىگىنى ئاڭلىدى. ھاجى مۇرات ئەلچىنىڭ قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىگىنى ناھايىتى بىلگىسى كەلگەن بولسىمۇ، ساقچى باشلىغى بىلەن ئەلچى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆيگە كىرمەي، ئاۋال ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پېشىن ئوقۇدى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانخانا بىلەن قوبۇل قىلىش ئۆيىگە كىردى. تىفلىستىن كەلگەن پاكار، دوغىلاق پۈتۈكچى كىرىللوۋ ۋورونتسوۋنىڭ ھاجى مۇراتنى 12 ـ ئاپرېلغىچە تىفلىسقا كېلىپ، ئارگۇتىنسكى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرغانلىغىنى ئېيتتى.

ــ ياخشى، ــ دېدى ھاجى مۇرات زەردە بىلەن. ئۇنىڭ ئەلچى كىرىللوۋ بىلەن خوشى يوق ئىدى.

پۇل ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟

ھەئە، ــ دېدى كىرىللوۋ.

ــ ھازىر ئىككى ھەپتە بولدى، ــ دېدى ھاجى مۇرات. ئاۋال ئۇن بارمىغىنى، ئاندىن يەنە توت بارمىغىنى كورسىتىپ، ــ

ئەكەل.

— مانا هازىر، — دىدى ئەلچى سومكىدىن ھەمىياننى ئېلىۋېتىپ ۋە ھاجى مۇراتنى رۇسچە ئۇقمايدۇ دەپ ئويلاپ، — ئۇ پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ — دەپ رۇس تىلىدا سورىدى ساقچى باشلىقىدىن. ئەمما ھاجى مۇرات ئۇنىڭ سوزىنى ئۇقۇپ، كىرىللوۋقا تازا بىر ئالايدى. كىرىللوۋ پۇلنى ئېلىۋېتىپ، قايتىپ بارغاندا ۋورونتسوۋقا دوكلات قىلىش ئۈچۈن ھاجى مۇرات بىلەن سوزلەشمەكچى بولۇپ، تەرجىمان ئارقىلىق بۇ يەر زېرىكىشلىك ئەمەسمىكەن، دەپ سورىدى. ھاجى مۇرات پۇقراچە كىيىنگەن، يېنىدا قورالىمۇ يوق بۇ پاكار دوغلاققا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن سىگايان قاراپ قويۇپ، جاۋاپىمۇ بەرمىدى. تەرجىمان ياندۇرۇپ سورىدى.

— سەن ئۇنىڭغا ئېيت، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىشكە رەغىم يوق. پۇلنى بەرسۇن.

ھاجى مۇرات بۇ گەپنى دىگەندىن كېيىن، پۇلنى ساناپ ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

كىرىللوۋ ئالتۇن پۇلنى چىقىرىپ ھەر ئونىنى بىر تىزىقتىن يەتتە تىزىق قىلىپ (ھاجى مۇرات كۈنىگە بەش ئالتۇن پۇل ئالاتتى)، ھاجى مۇراتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويىدى. ھاجى مۇرات بۇ پۇلنى چېركەسكىسىنىڭ يېڭىگە تىقىپ دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە ئويلىمىغان يەردىن پۇتۇكچىنىڭ پايىنەك بېشىغا پاققىدا بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. پۇتۇكچى ئورنىدىن

سەكرەپ قوپۇپ، تەرجىمانغا، بۇ ئىش قاملاشمىدى، چۈنكى ئۇ شاڭشىياۋ دەرىجىلىك ئەمەلدار دەپ ئېيتقۇردى. ساقچى باشلىقىمۇ شۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى، ھاجى مۇرات بۇنى بىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى-دە، ئۇيەردىن چىقىپ كەتتى.

— نېمە قىلسا بولار بۇنى، — دېدى ساقچى باشلىقى، — خەنجەرنى بىر تىقساققۇ ئىش تۈگەيتتى. بۇ نېمىلەرگە غەرەز ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن پاپاخلىرىنى كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ كىيگەن ئىككى ئايغاقچى كەلدى. ساقچى باشلىقى ئۇلارنى ھاجى مۇراتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى. بۇلارنىڭ بىرى قارامۇتۇق، سېمىز تاۋلىن، يەنە بىرى ئاۋاق بىر بوۋاي ئىدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەر ھاجى مۇراتنى خوش قىلمىدى. شامىل ئەڭ دەھشەتلىك جازا بىلەن قورقىتىۋەتكەنلىكتىن، ھاجى مۇراتنىڭ ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلغان دوستلىرى ھازىر يالتىيىۋالغان ئىدى. ھاجى مۇرات ئايغاقچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان پۇتىغا ئىككى جەينىكىنى قويۇپ، بېشىنى سىلىپ، ئۇزۇنغىچە جىم بولۇپ كەتتى. ھاجى مۇرات ئويلاندى، ئويلانغاندىمۇ كەسكىن ئويلاندى. بۇ بىر قارارغا كېلىدىغان ئاخىرقى ئويلىنىش ئىدى. ھاجى مۇرات بېشىنى كۆتىرىپ، ئايغاقچىلارغا بىردىن ئالتۇن پۇل بېرىپ:

— سىلەر كېتىڭلار، — دېدى.

— جاۋاپ گەپ بارمۇ؟
— جاۋاۋىم ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، سىلەر كېتىڭلار.
ئايغاقچىلار قوپۇشۇپ ماڭدى. ھاجى مۇرات تىزىغا جەينىكىنى قويغىنىچە گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ ئولتۇرغان پېتى ئۇزۇن خىيال سۈردى.
"قانداق قىلىش كېرەك؟ شامىلغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەكمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ھاجى مۇرات، — ئۇ دېگەن ئالدامچى تۈلكە. ئەگەر ئۇ ئالدىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئۇ قىزىل ساقاللىغا باش ئېگىش مۇمكىن ئەمەس. سەن رۇسلار تەرەپكە باردىڭ دەپ ماڭا ئىشەنمەيدۇ". ھاجى مۇرات ئويلىنىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ ئېسىگە تاغلىقلارنىڭ بۈركۈت توغرىسىدىكى بىر چۆچىكى چۈشۈپ قالدى: بىر بۈركۈتنى ئىنسانلار تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا بىر زامان ياشاپ، كېيىن يەنە ئۆز ماكانىغا قايتىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ پۇتىغا قوڭغۇراق ئېسىقلىق ئىكەن. شۇڭا بۈركۈتلەر ئۇنى ئارىغا ئالماي: "سەن كەت، ئىنسانلار ساڭا قوڭغۇراق ئاسقان يەرگە كەت. بىزنىڭ قوڭغۇرىقىمىز يوق" دەپتۇ. ئۇ بۈركۈت ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدىن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىماي، شۇ يەردە قېپ قاپتۇ. لېكىن بۈركۈتلەر ئارىغا ئالماي، ئاخىر ئۇنى چوقۇپ ئولتۈرۈپ قويۇپتۇ.
"ئۇلار مېنىمۇ چوقۇپ ئولتۈرىدۇ" — دەپ ئويلىدى ھاجى مۇرات.

www.uyghurkitap.com

”بۇ يەردە قالايمۇ؟ چارپادىشا ئۇچۇن كاپىكارنى بوي سۇن-دۇرۇپ، شوھرەت قازىنىپ، مەرتىۋە-بايلىققا ئىگە بولالايمۇ؟“

ھاجى مۇرات ئۆزىنىڭ ۋورونتسوۋ بىلەن كورۇشىدىغانلىقىنى ھەم بۇ مويسىپىت كىنەز بىلەن قىلىشقان شىرىن سوزلەرنى ئەسلەپ، ”بۇ مۇمكىن“ دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

”دەرھال بىر قارارغا كېلىش كېرەك. بولمىسا شامىل ئائىلەم-دىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىدۇ.“ ھاجى مۇرات كېچىچە كىرپىك قاقماي ئويلاپ چىقتى.

## 23

يېرىم كېچە بولاي دىگەندە ھاجى مۇرات بىر قارارغا كەلدى. ئۇ تاققا قېچىپ چىقىپ، ئوزىگە ئىشەنچلىك ئاۋارىيلار بىلەن ۋېدېنوغا بېسىپ كىرىپ، يە ئولۇشكە، يە ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىدى. ئائىلىسىنى ئېلىپ رۇسلار تەرەپكە قايتىپ كېلىش ياكى خۇنزاخقا بېرىپ شامىل بىلەن ئېلىشىش توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلمىدى. ئۇ ھازىر بۇ يەردىن قېچىپ تاققا كېتىشنىلا ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشقا كىرىشتى. ئۇ ياستۇغىنىڭ ئاستىدىن پاختىلىق قارا پەش-مىتىنى ئالدى-دە، مۇرىتلىرى تۇرغان ئويگە ماڭدى. ئۇلارنىڭ

ئويىگە بېرىش ئۈچۈن بىر دالاندىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ دالاننىڭ ئىچىقلىق ئىشىگى ئالدىغا كېلىشىگە ئايدىڭ كېچە-نىڭ شەبنەملىك سالقىن ھاۋاسى ئۇرۇلدى ھەم ياندىكى باغدىن بۇلبۇللارنىڭ بىردىنلا چاڭگىلداپ سايراشلىرى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ناخشىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى.

ھاجى مۇرات دالاندىن ئۆتۈپ، مۇرىتلىرى ياتقان ئويىنىڭ ئىشىگىنى ئاچتى. بۇ ئويدە چىراق يوق ئىدى، دەرىزىدىن يېڭى چىققان ئاينىڭ يورۇغى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلار بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ، مۇرىتلار يەرگە سېلىنغان پالاز ۋە بۇركىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى، خەنەفى ھويلىدا ئاتلارنىڭ يېنىدا ياتاتتى. ھەمزەلى ئىشىكنىڭ غىچىلدىغىنىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ھاجى مۇراتقا كوز يۈگۈرتىپ، ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن يەنە ياتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئېلدار سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەشمە-تىنى كىيىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتتى. قۇربان بىلەن خان مەغەم تېخى ئۇخلاۋاتاتتى. ھاجى مۇرات قولىدىكى پەشمىتىنى ئۈستەلگە قويۇشى بىلەن قاتتىق بىر نەرسە ئۈستەلگە ئۇرۇلۇپ، تاراققىدا قىلىپ قالدى. بۇ پەشمەتنىڭ ئىچىگە تىكىۋەتكەن ئالتۇن ئىدى.

—بۇنىمۇ تىكىپ قوي،—دېدى ھاجى مۇرات كۈندۈزى تاپشۇرۇۋالغان ئالتۇنلارنى ئېلدارغا بېرىۋېتىپ.

ئېلدار ئالتۇنلارنى شۇ ئان يورۇق يەرگە ئەپكېلىپ، خەنجە-رىنىڭ ئاستىدىن قەلەمتۇرىچىنى ئېلىپ، پاختىلىق پەشمەتنىڭ

ئەسترىنى سوكۇشكە باشلىدى. ھەمزەلى ئورنىدىن قوپۇپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

— ھەمزەلى، سەن قېرىنداشلارغا ئېيتقىن، ملتىق، تاپانچىلىرىنى تەكشۇرۇپ، ئوق-دورىلارنى تەييارلاپ قويسۇن، ئەتە بىزنىڭ بارىدىغان يېرىمىز يىراق، — دىدى ھاجى مۇرات.

— ئوق بار، دورىمۇ بار، ھەممىنى تەييار قىلىمىز، — دىدى ھەمزەلى ۋە بىرنىمىلەرنى دەپ غوڭشۇپ قويىدى.

ھەمزەلى ھاجى مۇراتنىڭ نىمە ئۇچۇن ملتىقلارنى ئوقلاپ قويۇشقا بۇيرۇغانلىغىنى چۇشەندى. ئۇ باشتىن تارتىپ تا كېيىنكى كۇنلەرگىچە مۇنداق بىر ئىشنى يەنى رۇس چوشقىلىرىنى بولۇشچە ئولتۇرۇپ-قىرىپ، تېزرەك تاقىقا قېچىپ كېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھازىر ھاجى مۇراتنىڭمۇ شۇ نىيەتكە كەلگەنلىگىنى ئۇقۇپ، خوشاللىقتىن قىنىغا پاتماي قالدى.

ھاجى مۇرات چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھەمزەلى دوستلىرىنى ئويغاتتى. بۇ توتەيلەن كېچىچە ملتىق، تاپانچا، ئوق-دورا ۋە چاقماقلىرىنى تەكشۇرۇپ، بۇزۇق دورىلارنى يەڭگۇشلەپ، يېڭى دورىلارنى قاچىلىدى، ئوقدانلىرىغا ياغلىق لاتىلارغا ئورالغان تەييار ئوقلارنى چىڭداپ سالدى، قىلىچ ۋە خەنجەرلىرىنى بىلەپ، بىسلىرىنى ياغلىدى.

ھاجى مۇرات تاھارەت ئېلىش ئۇچۇن، تاڭ ئېتىش ئالدىدا يەنە دالانغا چىقتى. بۇ چاغدا بۇلبۇللار كېچىدىكىگە

قارىغاندا تېخىمۇ ئۇرغۇپ سايرىشىۋاتاتتى. مۇرىتلارنىڭ ئويىدىن شارتىلدىتىپ قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى بىلەۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ھاجى مۇرات تۇگدىن سۇ ئېلىپ، ئوينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مۇرىتلىرىنىڭ قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى بىلەۋاتقان شارت ـ شۇرت ئاۋازلاردىن باشقا، خەنەفىنىڭ زىل ئاۋاز بىلەن ئېيتقان ھاجى مۇراتقا تونۇش ناخشىسى ئاڭلاندى، ھاجى مۇرات توختاپ ناخشىغا قۇلاق سالدى.

بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: غامزات ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن رۇسلارنىڭ ئىلقىسىنى ھەيدەپ كېتىدۇ؛ كېيىن بىر رۇس كىنەز تېرەك دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇنى قوغلاپ يېتىپ، ھەددى ـ ھېساپسىز ئەسكەرلىرى بىلەن قورشىۋالىدۇ؛ ئاندىن غامزات ئىلقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆلگەن ئاتلارنىڭ دالدىسىغا موكۇۋېلىپ، مىلتىغىنىڭ ئوقلىرى، يېنىدىكى خەنجەرلىرى، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى تۈگىگەنگە قەدەر رۇسلار بىلەن ئېلىشىدۇ؛ غامزات جان ئۈزۈش ئالدىدا ھاۋادىكى بىرنەچچە قۇشنى كورۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپ خىتاپ قىلىدۇ:

ئەي قۇشلار، قانات قېقىپ ئۇچۇپ سىلەر،
بېرىڭلار بىزلەرنىڭ ئوي ـ ماكانىمىزغا.
سالام دەڭلار ئاچا ـ سىڭىل جان ـ جىگەرلەرگە،
سالام دەڭلار، ئاپپاق قىزلار ھەم ئانىمىزغا.

ئېيتىڭلار بىز ھەممىمىزنى شېھىت بولدى دەپ،
قەۋرىلەردە ياتمايدىكەن جەسەتلىرى دەپ.
بىزنىڭ پۈتۈن ئۇستىخانۇ ـ سوڭەكلىرىمىزنى
غاجىلايدۇ قويماي ئاچكوز بۆرىلەر سورەپ،
قاغا ـ قۇزغۇن چوقۇلايدۇ كوزىمىزنى يەپ.

ناخشا مۇشۇنداق ئاياقلىشاتتى، ئاخىرىدىكى قايغۇلۇق مىسرا-لار تۇگىگەندىن كېيىن، خۇش خۇي خانمەغەمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى قوشۇلدى. ئۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى قولاقنى يارغۇدەك ئاۋاز بىلەن "لائىلاھە ئىللەللاھۇ" دەپ توۋلاپ چۇشۇردى. ئاندىن كېيىن ھەممىسى جىمجىت بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا باغدىكى بۇلبۇللارنىڭ چىرايلىق سايراشلىرى، ئۇيىدە قىلىچ-خەنجەرلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋە تەكشى شارتىلداشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان ھاجى مۇرات قولىدىكى چوگۇننىڭ قىڭغىيىپ قېلىپ سۇيى ئېقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئۇيگە كىرىپ كەتتى.

ھاجى مۇرات بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قورالىلىرىنى تەكشۇرۇپ چىقىپ، كارۋاتتا ئولتۇردى. ئەمدى قىلىدىغان باشقا ئىش قالمىغان ئىدى. ئاتلىق چىقىپ ئايلىنىپ كېلىش ئۇچۇن نازارەتچىدىن سوراش كېرەك ئىدى. ھازىر تالا تېخى قاراڭغۇ، نازارەتچى تېخىچە ئۇيقۇسىدىن تۇرمىغان ئىدى.

خەنەفىنىڭ ھىلقى ناخشىسى ئۇنىڭغا ئانىسى چىقارغان بىر ناخشىنى ئەسلەتتى. بۇ ناخشىدا ئېيتىلغىنى بولۇپ ئۆتكەن ئىش بولۇپ، ئۇ ئىش ھاجى مۇرات تۇغۇلغان ۋاقتىدا بولغان ئىكەن، ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا بۇ ناخشىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

بۇ ناخشا مۇنداق ئىدى:

سېنىڭ پولات خەنجىرىڭ
پاتتى ئاپپاق كوكسۇمگە.
لېكىن ئوغلۇم، جان قوزامنى
مەھكەم باستىم باغرىمغا.
ئۇرغۇپ چىققان قىزىق قېنىم
يۇدى يۇمران تېنىمنى،
دورا قىلماي ساقىيىپ،
كەلدىم ئەسلى ھالىمغا.
مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن،
مېنىڭ كىچىك شۇڭقارىم
چوڭ بولغاندا ئۆلۈمدىن
ئۇمۇ قورقماس زادىلا.

بۇ ناخشا ھاجى مۇراتنىڭ دادىسىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىدى: ھاجى مۇرات تۇغۇلغاندا، خاننىڭ خوتۇنىمۇ ئىككىنچى ئوغلى ئۇممەخاننى تۇغىدۇ. خاننىڭ خوتۇنى

چوڭ ئوغلى ئابۇنۇسايخانغا سۇت ئانىسى بولغان ھاجى مۇراتنىڭ ئانىسىنى يەنە سۇت ئانىسى بولسۇن دەيدۇ. لېكىن پاتىمە ئۇزىنىڭ ئوغلىنى تاشلاپ ئۇ يەرگە بېرىشىنى خالىماي، بارمايمەن، دەيدۇ. ھاجى مۇراتنىڭ دادىسىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، ئۇنى بېرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. پاتىمە يەنە ئۇنىمىغاندا، ئۇ پاتىمەگە خەنجەر تىقىدۇ. شۇ چاغدا باشقىلار ئاجرىتىۋالمىغان بولسا، پاتىمە ئولەر ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوغلىدىن ئايرىلماي ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ۋە بۇ ئىشنى ھىلىقىدەك ناخشا قىلىپ ئېيتقان.

ھاجى مۇرات ئانىسىنىڭ ئوكزىدە ئۇخلىغان چاغدا ئۇنى ئۇستىگە چاپىنىنى يېپىپ يېنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ھەم دائىم ئانىسىدىن بېلىدىكى تاتۇقنى كورسىتىشنى سورايدىغانلىقىنى ئەسلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئانىسى پەيدا بولدى. ئۇ ھازىر ھاجى مۇرات ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ۋاقىتتىكىدەك يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، ئاپپاق چاچلىق، كوماك ئەمەس، بەلكى ھاجى مۇرات بەش ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا، ئۇنى سېۋەتكە سېلىپ دۇمبىسىگە ئارتىپ، تاغلاردىن ھالقىپ بوۋىسىنىڭكىگە ئاپارغان ۋاقىتتىكىدەك ياش، چىرايلىق ۋە سۇباتلىق بولۇپ كورۇندى.

ئۇ يەنە يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ئاپپاق ساقاللىق زەرگەر بوۋىسىنى، ئۇنىڭ كوك تومۇرلىرى كورۇنۇپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كۇمۇش جابدۇقلارنى قانداق قۇيىدىغانلىقىنى، ئوزىگە

دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكىنى؛ ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ، تاغ تۈۋىدىكى مارجان بۇلاقتىن سۇ ئالغىلى بارغانلىقىنى؛ ئۆزىنىڭ يۈزىنى يالايدىغان ئورۇق ئىتنى، ئانىسى بىلەن بىللە كالىنى سېغىپ سۈتنى پىشۇرغاندا ئىسىنىڭ ۋە سۈتتىن چىققان پۇراقنىڭ باشقىچىلا پۇرايدىغانلىقىنى؛ ئانىسىنىڭ تۇنجى قېتىم چېچىنى قانداق چۇشۇرتكەنلىكىنى، تامدىكى پاقىراپ تۇرغان مىس ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ دوپ-دومىلاق بېشىنى كورۇپ قانداق ھەيران قالغانلىقلىرىنى ئەسلىدى.

باللىق چاغلىرىنى ئەسلىگەندىن كېيىن، ئامراق ئوغلى يۈسۈپنى ئەسلىدى، ئۇ يۈسۈپنىڭ چېچىنى تۇنجى قېتىم ئۆزى چۇشۇرۇپ قويغان ئىدى. يۈسۈپ ھازىر چىرايلىق يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ئاخىرقى قېتىم كورگەن چېغىنى ئەسلىدى. بۇ ئۇنىڭ سېلىمېستىن ئايرىلغان كۈنى ئىدى. ئوغلى ئۇنىڭغا ئاتنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقىشنى سورىدى. ئۇ ياخشى كىيىنىپ، قورال-ياراقلىرىنى ئېلىپ، ئېتىنى يېتىلىۋالغان ئىدى. يۈسۈپنىڭ يىگىتلىك چىقىپ تۇرىدىغان قىپ-قىزىل، چىرايلىق چىرايى ھەم زىلۋا بويىدىن (ئۇ دادىسىدىن ئېگىز ئىدى) ياشلىققا خاس باتۇرلۇق ۋە ھاياتقا بولغان خوشاللىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ياشلىقىغا قارىماي، كەڭ يەلكىسى، يوغان ئۇستىخانلىرى، ئۇزۇن، ئىنچىكە بويى، ئۇزۇن كۈچلۈك قوللىرى، ھەركەتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، چەبدەسلىكى دائىم دادىسىنى خوشال قىلاتتى ۋە زوقلاندۇراتتى. ھاجى

مۇرات ماڭدىغان چاغدا ئۇنىڭغا:

— ئەڭ ياخشسى، مېنى ئۇزاتـما، ئويدە هازىرسەنلا قالدىڭ، ئاپاڭ بىلەن موماڭغا ئوبدان قارا، — دىگەن ئىدى.

هاجى مۇرات يۇسۇپنىڭ بىردىنلا قىزىرىپ، جىمىنم تىنىدە بولىدىكەن، ئاپام بىلەن موماڭنى بوزەك قىلىشقا هېچكىمنىڭ هەددى ئەمەس، دىگەن چاغدىكى باتۇرانە ۋە مەغرۇرانە تۇرقىنى ئۇنتۇمايتتى. يۇسۇپ ئىتقا مىنىپ، دادىسىنى ئاخىر دەريا بويىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كىيىن هاجى مۇرات ئانىسى، خوتۇنى ۋە ئوغلىنىڭ دىدارىنى كورمىدى.

شامىل ئاشۇ ئوغلىنىڭ كوزىنى ئويۇۋالماقچى بولدى! هاجى مۇرات ئۆزىنىڭ خوتۇنى توغرىلىق ئويلاپمۇ قويمايتتى.

بۇ ئويلار هاجى مۇراتنى بىئارام قىلىپ، ئولتۇرغۇزمىدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقسىغىنىچە ئىشىك ئېچىپ، ئىشكنى ئېچىپ، ئېلدارنى چاقىردى. تېخى كۈن چىقمىغان بولسىمۇ، خېلى يورۇق چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇلبۇللار تېخىچە سايرىشاتتى.

— ساقچى باشلىقىغا بېرىپ ئېيتقىن، مەن ئاتلىق ئايلىنىپ كەلمەكچى، سىلەر ئاتلىرىڭلارنى جابدۇڭلار، — دىدى ئۇ.

# 24

بۇ كۈنلەردە بۇتىلېرنىڭ بىردىن-بىر كوڭۇل خوشلۇغى ئۇرۇش شېرىيىتى ئىدى، بۇ ئۇنى ئومۇمى ئىشتىلا ئەمەس، خۇسۇسى تۇرمۇشتىمۇ ئۇزىگە ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ چېركەسكە كىيىپ؛ چەۋەندازلىق قىلىپ، بوگدانوۋىچ بىلەن ئىككى قېتىم پىستىرمىغا چىققان بولسىمۇ، بىرەر دۇشمەنىنىمۇ ئۇچراتمىدى ھەم بىرەر دۇشمەنىنىمۇ ئولتۇرەلمىدى. بۇنداق باتۇرلۇقنى ۋە داڭلىق باتۇر بوگدانوۋىچ بىلەن دوست بولغانلىـ غىنى بۇتلېر كوڭۇللۇك ۋە چوڭ ئىش ھىساپلايتتى. ئۇ بىر يەھۇدىدىن يۇقۇرى ئوسۇم تولەش شەرتى بىلەن پۇل ئوتنە ئېلىپ، ھىلىقى قەرزىنى تۇگەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۇزىنىڭ ئەپسىز ئەھۋالىنى ئارقىغا سوزدى، كېچىكتۇردى. ئۇ بۇ ئەھۋالى توغرىلىق ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى، ئۇرۇش شېرىـ يىتىدىن باشقا، ھە دەپ هاراق بىلەن ھەپىلىشەتتى. ئۇ بارغانـ سېرى ئىچىشكە بېرىلىپ، كۈندىن-كۈنگە ئۇزىنى تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ مارىيە دىمىترىۋناغا بولغان مۇئامىلىسى ئەمدى ئالىجاـ ناپ يۇسۇفلەرچە① ئەمەس، ئەكسىچە قوپاللىق بىلەن كەينىگە

① تەۋراتنىڭ 39 ـ سۇرىسىدە بايان قىلىنغان يۇسۇفنىڭ ئوز خوجاـ

كىرۋېلىش بولدى، لېكىن ئۇ ئويلىمىغان يەردىن قاتتىق داۋىسىنى يەپ، ئىزا تارتقىنىدىن ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ تۇيۇلدى.

ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا قورغانغا بىر ئەترەت كەلدى. بۇ ئەترەت باريارتىنسكى بېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېسابلانغان چېچېنلەر رايونىدىن ئۆتىدىغان چاغدىكى يېڭى يۈرۈشكە بەلگىلەنگەن ئەترەت ئىدى. بۇ ئەترەت كاباردا تۇەنىنىڭ ئىككى لىيەنى بولۇپ، ئۇلار كاپكازنىڭ ئادىتى بويىچە كۆرىنىسكى لىيەنلىرىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە كۈتۈۋېلىناتتى. ئەسكەرلەر گەزەرمىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئاش-چاي، گوش بىلەنلا ئەمەس، ۋوتكا بىلەنمۇ مېھمان قىلىندى، ئەپتسەرلەر بۇ يەردىكى ئەپتسەرلەرنىڭ قېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ يەردىكى ئەپتسەرلەر يېڭى كەلگەن ئەپتسەرلەرنى ئادەت بويىچە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

زىياپەت ئاياقلىشاي دېگەندە، ئۇلار تازا ئىچىشتى، ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىپ، تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. ئىچىپ مەس بولۇپ، چىرايى ئاق سېرىق تۇسكە كىرگەن ئىۋان ماتۋېيېۋىچ ئورۇندۇققا مىنىۋېلىپ، قىلىچىنى چىقىرىپ، خىيالىدىكى دۈشمىنىنى چاپاتتى، گاھ تىللايتتى، گاھ قاقاقلاپ كۈلەتتى،

يىنىنىڭ خوتۇنى ئازدۇرغاندا ئۇنىڭغا گول بولمىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىگە قاراڭ.

گاھ بىرسنى قۇچاقلايتتى، گاھ ئۇزىنىڭ "شامىل يىغا باشلىدى نەچچە يىل بۇرۇن، تىرا-راي-تىرا-راي، نەچچە يىل بۇرۇن" دىگەن ئامراق ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ كېتەتتى.

بۇتلېرمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئۇرۇشنىڭ شىررىدىتىنى كورۇشكە تىرىشاتتى، لېكىن كوڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئىۋان ماتۋېيېۋىچقا ئىچى ئاغرىيتتى، لېكىن ئۇنى توختىتىۋېلىشقا چارىسىز ئىدى. بۇتلېر شىر كەيىپ بولۇپ، غىپپىدە ئويگە تىكىۋەتتى.

تولۇن ئاي ئاپپاق ئويلەر ۋە يولدىكى تاشلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. كېچە بەك ئايدىڭ بولغاچقا، كوچىدىكى ھەر بىر تاش، ھەر بىر تال سامان ۋە تىزەك دوۋىلىرىگىچە ناھايىتى ئېنىق كورۇنەتتى. بۇتلېر ئويگە ئاز قالغاندا، بېشى بىلەن بوينىغا ياغلىق ئورىۋالغان مارىيە دىمىتروۋنا ئۇچراپ قالدى. بۇتلېر مارىيە دىمىتروۋنادىن داۋسىنى يىگەندىن كېيىن، بىر ئاز خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوزىنى قاچۇرۇپ يۇرەتتى. ئەمدى ئايدىڭ كېچىدە، ئاز-تولا ئىچكەن پەيتتە ئۇنىڭ ئۇچرىشىپ قالغىنىغا بۇتلېر ئىنتايىن خوش بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

—نەگە ماڭدىڭىز؟ —دىدى ئۇ.

—بىزنىڭ بوۋاينى يوقلىغىلى، —دىدى ئۇ ئاقكوڭۇللۇك بىلەن. ئۇ بۇتلېرنىڭ ئوزىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشىنى پۇتۇنلەي

چىن كوڭلى بىلەن قەتئى رەت قىلغان، لېكىن بۇنىلبىرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشى ئۇنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.

— ئۇنى يوقلىغىلى دەمسىز، ئۇ كېلىپ قالار.

— كېلەلمەي قالارمىكىن؟

— كېلەلمىسە، كوتىرىپ ئەپكېلىپ قويۇشار.

— ۋيەي، ئۇنداق بولسا قاملاشمىغىنى، — دېدى مارىيە دىمىتروۋنا، — ئۇنداق بولسا بارمايمۇ يە؟

— بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، قايتايلى.

مارىيە دىمىتروۋنا ئارقىسىغا يېنىپ، بۇتلىرى بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتتى. كېچە شۇ قەدەر ئايدىڭ ئىدىكى، باشنىڭ كولەڭگىسى ئەتراپىدىكى يورۇقلۇق يول بويىدا ھەركەتلىنى-ۋاتقان گەۋدىنىڭ كولەڭگىسىگە ئەگىشىپ ھەركەتلىنەتتى. بۇتلىرى ئۆزىنىڭ كولەڭگىسىگە كوز سېلىپ، مارىيە دىمىتروۋناغا ئۆزىنىڭ ھېلىمۇ كويۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولدىيۇ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قالدى. مارىيە دىمىتروۋنا ئۇنىڭ گەپ قىلىشنى كۈتەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئۈن-تىنسىز مېڭىپ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، دوقمۇشتىن بىرنەچچە ئاتلىق چىقىپ كەلدى. بۇلار بىر ئەپىتسەر ۋە ئۇنىڭ كانۋايلىرى ئىدى.

— بۇ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئادەملەر؟ — دېدى مارىيە دىمىتروۋنا ئۆزىنى يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ.

ئاينىڭ يورۇغى كىلىۋاتقانلارنى كەينى تەرەپتىن يورۇتتى. ئۇلار ئالدىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، مارىيە دىمىترىۋنا ئۇلارنى تونۇدى. بۇ ئەپتىسەر بۇرۇن ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان كاپىتېۋ ئىدى، شۇڭا مارىيە دىمىترىۋنا ئۇنى تونۇيتتى.

— سىز پېتىر نىكولايېۋىچقۇ؟ — دېدى مارىيە دىمىترىۋنا ئۇنىڭغا.

— ھەئە، — دېدى كاپىتېۋ، — ھە، بۇتلېر! ياخشىمۇ سىز؟ تېخى ئۇخلىماپسىلەرغۇ، مارىيە دىمىترىۋنا بىلەن يۈرەمسىز؟ پەخەس بولۇڭ، ئىۋان ماتۋېيېۋىچ بۇرنىڭىزدىن بۇلاق قىلما-سۇن يەنە، ئۇ نەدە؟

ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئاشۇ يەردە، — دېدى مارىيە دىمىترىۋنا ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپنى كورسىتىپ، — ئۇلار تاماشا قىلىۋاتىدۇ.

— نېمە، سىلەرنىڭكىلەر تاماشا قىلىۋاتامدا؟

— ياق، ئۇلار خاساۋ يۇرتىدىن كەلگەنلەر، ئۇلار مېھمان بولۇۋاتىدۇ.

— ھە، بۇ ياخشى ئىشقۇ. مەنمۇ ئۇلگۇرگىدەكمەن، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم بىرەر مىنۇتلۇققىلا ئىش ئۇچۇن.

— نېمە، بىر ئىش بارمىدى؟ — سورىدى بۇتلېر.

— ئازراق ئىش بار ئىدى.

— ياخشى ئىشمۇ، يامان ئىشمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— بۇ كىمنىڭ قانداق قارىشىغا باغلىق! بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ياخشى ئىش، بەزىلەر ئۈچۈن يامان ئىش، — دېدى كامىنېۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا پىيادىلەر بىلەن كامىنېۋلار ئۇۋان ماتۋېيېۋىچنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

— چىخىرېۋ! مەيەگە كەلگىنە، — دەپ چاقىردى كامىنېۋ بىر كازاك ئەسكەرگە قاراپ.

چىخىرېۋ ئېتىنى دىۋىتىپ، ئالدىغىراق كەلدى. بۇ كازاك ئاددىغىنا دون فورمىسىدا ھەربى كىيىم، شىنېل، ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، ئىگەرنىڭ كەينىگە بىر خۇرجۇن ئارتىۋالغان ئىدى.

— قېنى، ھېلىقى نەرسىنى ئالە، — دېدى كامىنېۋ ئېتىدىن چۈشۈۋېتىپ.

كازاكمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، خۇرجۇنىدىن ئىچىگە بىر نەرسە سېلىنغان بىر خالتىنى چىقاردى. كامىنېۋ ئۇنىڭ قولىدىن خالتىنى ئېلىپ، قولىنى ئىچىگە تىقتى.

— سىلەرگە بۇ يېڭىلىقنى كۆرسىتىپ قوياي، بولامدۇ؟ سىز قورقامسىز؟ — دېدى مارىيە دىمىترىۋناغا.

— قورققۇدەك نىمىدى ئۇ، — دېدى مارىيە دىمىترىۋنا.

— مانا مۇشۇ، — دېدى كامىنېۋ بىر ئادەمنىڭ بېشىنى چىقىرىپ ئاينىڭ يورۇقىغا قويۇپ، — سىلەر تونۇمسىلەر؟

ئۇ قاپقىغى كوتىرىلىپ تۇرغان، قاپ-قارا ساقىلى تەكشى ياسىتىلغان، بۇرۇتلىرى قىسقا قىرقىلغان، چاچلىرى چۈشۈرۈل-

گەن، بىر كوزى ئوچۇق، بىر كوزى يېرىم يۇمۇق بىر باش ئىدى. باشنىڭ يەتتە ـ سەككىز يېرىگە خەنجەر تېقىلغان، بۇرنىدا قاپ ـ قارا قان ئۇيۇپ قالغان، بوينىغا قانغا بويالغان لوڭگە ئورالغان ئىدى. بۇ باشنىڭ شۇنچە جىق يارىلانغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ كوكەرگەن لەۋلىرىدىن بالىلارچە يېقىملىق كورۇنۇش چىقىپ تۇراتتى.

مارىيە دىمىترووۋنا ئۇنىڭغا بىر قاراپلا ئۇنچۇقماستىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىتتىك مېڭىپ ئويىگە قايتتى.

بۇتلېر بۇ قورقۇنچلۇق باشقا كوزىنى ئۇزمەي قارايتتى. بۇ يېقىندىلا ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن قىزغىن پاراڭلىشىپ تاڭ ئاتقۇزغان ھاجى مۇراتنىڭ بېشى ئىدى.

ــ بۇ نىمە ئىش، ئۇنى كىم ئولتۇردى؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ قاچماقچى بولغان ئىدى، تۇتۇۋالدۇق، ــ كامېنېۋ شۇنداق دىدى ـ دە، باشنى كازاكقا بېرىپ، ئوزى بۇتلېر بىلەن ئويگە كىرىپ كەتتى.

ــ ئولگەندىمۇ مەرتلەرچە ئولدى ـ دە، ــ دىدى كامېنېۋ.

ــ بۇ ئىشنىڭ باش ـ ئايىغى قانداق؟

ــ سەل تەخىر قىلىڭ، ئىۋان ماتۋېيېۋىچ كەلگەندە، سىلەرگە ھەممىنى سوزلەپ بېرىمەن. مېنى شۇنىڭ ئۇچۇن ئەۋەتتى. ئۇنى قورغانلارغا، يېزا ـ كەنتلەرگە ئېلىپ بېرىپ كورسىتىپ يۇرىمەن.

ئىۋان ماتۋېيېۋىچقا كىشى ئەۋەتىلدى، ئۇ ئوزىگە ئوخشاش مەس ئىككى ئەپىتسەر بىلەن ئويگە كىرىپ، كامېنېۋنى

www.uyghurkitap.com

قۇچاقلىدى.

— سلەرگە هاجى مۇراتنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى كامېنېۋ.

— يالغان ئېيتما، ئۆلتۈردۈڭلارما؟

— هە، قاچماقچى بولغان ئىدى.

— مەن ئۇ ئىشەنچسىز دېگەن ئىدىم. قېنى ئۇ باش؟ قەيەردە؟ ماڭا كۆرسەتكىنە.

ئۇ ھىلىقى كازاكنى چاقىردى، كازاك خالتىنى ئېلىپ كىرىپ، باشنى چىقاردى. ئىۋان ماتۋېيېۋىچ مەس كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىدى.

— باتۇر ئادەم ئىدى، ئەكەلگىنە، بىر سۆيۈپ قوياي، — دېدى ئۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، نوچى ئادەم ئىدى، — دېدى بىر ئەپىتسەر.

ھەممىسى بىر قۇر كۆرۈپ بولۇشۇپ، ئۇنى يەنە ھىلىقى كازاكقا بەردى. ئۇ باشنى خالتىغا سېلىپ، پەم بىلەن ئاۋايلاپ يەرگە قويدى.

— قانداق، كامېنېۋ، باشنىمۇ كۆرسەتتىڭ. ئەمدى سۆزلەپمۇ بىرەرسەن؟ — دېدى بىر ئەپىتسەر.

— باشنى ماڭا بېرىڭلار، بىر سۆيۈپ قوياي، ئۇ ماڭا قىلىچىنى ھەدىيە قىلغان ئىدى، — دەپ ۋاقىرىدى ئىۋان ماتۋېيېۋىچ.

بۇتلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقتى، مارىيە دىمىترىۋنا پەلەمپەيىنىڭ

ئىككىنچى پايىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ بۇتلېرغا بىر قارىدى-دە، ئاچچىقلىنىپ، تەتۇر قارىۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز، مارىيە دىمىترووۋنا؟ — دېدى بۇتلېر.

— سىلەر ھەممىڭلار كاللا كېسەرلەر. مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. راستلا ھەممىڭلار كاللا كېسەرلەر، — ئۇ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇنداق ئىش ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى بۇتلېر نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، — ئۇرۇش دېگەن شۇ-دە.

— ئۇرۇش! بۇ قانداق ئۇرۇش؟ — مارىيە دىمىترووۋنا ۋاقىرىدى — قىسقىسى، ھەممىڭلار كاللا كېسەرلەر. ئادەم ئولگەندىن كېيىن كومۇش كېرەك ئىدى، سىلەر ئۇنى ئويناۋاتىسىلەر. ھەممىڭلار كاللا كېسەرلەر، بۇنىڭدا گەپ يوق. — ئۇ مۇشۇ سوزلەرنى تەكرارلاپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئارقا ئىشىك بىلەن ئويىگە كىرىپ كەتتى.

بۇتلېر مېھمانخانىغا يېنىپ كىرىپ، كامېنېۋنى بۇ ئىشنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

كامېنېۋ سوزلەپ بەردى.

ئىش مۇنداق بولغان ئىدى.

# 25

ھاجى مۇراتنىڭ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئاتلىق تاماشا قىلىشىغا كازاكلارنىڭ ھەمرا بولۇش شەرتى بىلەن رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. نۇخا شەھىرىدە ھەممىسى بولۇپ ئەللىك كازاك ئەسكەر بار ئىدى، بۇلاردىن ئونى ھەرقايسى باشلىقلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئىدى، قالغانلىرى بۇيرۇق بويىچە ھەر قېتىمدا ئوندىن بەلگىلەنسە، كۈن ئارىلاپ بىر قېتىم نوۋەت كېلەتتى. شۇڭا دەسلەپكى كۈنى ئونى چىقتى، كېيىنچە كۈندە بەشتىن چىقىرىش، ھاجى مۇرات ئۆزىنىڭ ھەممە مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقماسلىق قارار قىلىنغان ئىدى. لېكىن ھاجى مۇرات 25 ـ فېۋرال كۈنى تاماشاغا چىققانىدا، ئۆزىنىڭ بەش مۇرىدىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقتى. ھاجى مۇرات ئاتقا مىنىپ تۇرۇشىغا، ھەربى باشلىق ھاجى مۇراتنىڭ بەش مۇرىدىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەممە ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ھاجى مۇرات ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئېتىنى دېۋىتتى، ھەربى باشلىقمۇ چىڭ تۇرۇۋالمىدى. كازاكلارنىڭ بەنجاگى گېئورگى ئوردېنى ئالغان، دوگىلەك چاچ قويۇۋالغان، ساغلام سېرىق

يىگىت نازارووۋ ئىدى. ئۇ كىچىكىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان نامرات دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسى بىلەن ئۈچ سىڭلىسى ۋە ئىككى ئىنىسىنى باقاتتى.

— پەخەس بول، نازارووۋ، ئۇلار يىراققا بارمىسۇن، — دەپ توۋلىدى باشلىق.

— خوپ، جاناپلىرى، — دېدى نازارووۋ ئۆزىگە پۈتىنى ئىپلىۋېتىپ. ئۇ دولىسىدىكى مىلتىقنى تۇتۇپ، ئىلمەك بۇرۇن، يوغان، چىلان تورۇق ئاتتا ئېتىنى يورغىلىتىپ مېڭىپ كەتتى. توت ئاتلىق كازاك ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى: ئۇلارنىڭ بىرسى ھەمزىلىگە ئوق دورىسى سېتىپ بەرگەن، ئورۇق، شادا پاچاق، ئۇستا ئوغرى ۋە پۇل تاپار فېرراپونتوۋ، بىرسى ئەسكەرلىك مۇددىتى توشقان، دائىم ئۆزىنىڭ كۈچىنى كوز - كوز قىلىدىغان ۋە خېلى ياشلارغا كىرىپ قالغان ساغلام دېخان ئىگناتوۋ، بىرسى ھەممەيلەن مازاق قىلىدىغان كۈچسىز ياش بالا مىشكىن، بىرسى ئاتىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغان سېرىق چاچلىق، مۇلايىم ۋە خۇش خۇي يىگىت پېتراكوۋ ئىدى.

ئەتىگەندە كۈن تۇمان بولۇپ، چاي ۋاقتىدا ئېچىلىپ كەتتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەمدىلا چىقىقان يوپۇرماقلىرىدا، ياپ - يېشىل ئوت - چۆپلەرنىڭ بىخلىرىدا، ئەمدىلا ئۈنۈپ چىققان مايسىلاردا، سول تەرەپتىكى ئىتتىك ئېقىۋاتقان شوخ دەريانىڭ كۆپۈكلىرىدە كۈن نۇرى يالتىرايتتى.

ھاجى مۇراتنىڭ ئېتى يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. كازاكلار

www.uyghurkitap.com

بلەن مۇرتلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قورغاندىن ئۆزاپ، يولغا چىقتى. يولدا بېشىغا سۆۋەت قويۇۋالغان ئايالـلار، هارۋىدا ئولتۇرغان ئەسكەرلەر، غىچىلداپ ميڭۋاتقان كالا هارۋىسى كېتىپ باراتتى. ئىككى چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن هاجى مۇرات ئاق ئېتىنى دىۋىتىپ، بولۇشىغا قويۇپ بەردى، مۇرىتلىرى ئېتىنى بولۇشچە چاپتۇرۇپ ئاران يېتىشتى. كازاكلارمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— پاھ، ئۇنىڭ ئېتى ئۇچىدىكەنغۇ، — دېدى فېراپونتوۋ، — ئەگەر ئۇ بوي سۇنمىغان بولسا، ئۇنى چوقۇم قولغا چۈشۈرگەن بولاتتىم.

— راست دەيسەن، بۇرادەر، بۇ ئات تىفلىستا ئۈچ يۈز سومغا يارايدۇ.

— مېنىڭ ئېتىم ئۇنىڭغا يېتىشىۋالىدۇ، — دېدى نازاروۋ.

— ئەلۋەتتە سەن يېتىشىۋالىسەن، — دېدى فېراپونتوۋ.

هاجى مۇرات بارغانسېرى ئېتىنى ئىتتىكلەتتى.

— هەي دوستۇم، بۇ بولمىدى، ئاستىراق ماڭ، — دەپ توۋلىدى نازاروۋ قوغلاپ كېلىۋېتىپ.

هاجى مۇرات كەينىگە بىر قاراپ قويۇپ، ئۇندىمەستىن، يەنە شۇنداق مېڭىۋەردى.

— پەخەس بولۇڭلار، بۇ كاساپەتلەرنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، — دېدى ئىگناتوۋ. — قارا، ئېتىنى هە دەپ قامچىلاۋاتىدۇ.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ، تاغ تەرەپكە بىر چاقىرىمچە

ماگدى.

— مەن گەپ قىلىۋاتىمەن، بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ نازاروۋ يەنە توۋلىدى.

هاجى مۇرات جاۋاپمۇ بەرمەي، كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ئېتىنى ئىتتىكلىتىپ ئۇچقاندەك چاپتۇردى.

— ئالدامچى، قېچىپ كېتەلمەيسەن! — نازاروۋ ئاچچىقلىنىپ ۋاقىرىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ چىلان تورۇق ئاختا ئېتىنى قامچىلاپ ئۈزەڭگىگە چىڭ دەسسەپ ئالدىغا ئېگىشىپ، ئېتىنى هاجى مۇراتنىڭ كەي-نىدىن جېنىنىڭ بېرىچە قويۇۋەتتى.

هاۋا شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە ساپ ئىدى، هاياتىي كۈچ نازا-روۋنىڭ كۆڭلىدە خوشال-خورام ئوينايتتى، ئۇ كۈچلۈك ئېتىغا چاپلىشىپ تۈپ-تۈز يولدا هاجى مۇراتنىڭ كەينىدىن ئۇچقان-دەك كېتىۋاتقاندا، يۈز بېرىش ئېهتىمالى بولغان هەرقانداق قايغۇلۇق، پاجىەلىك ياكى قورقۇنچلۇق ئىشلار ئۇنىڭ خىيالى-غىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ هاجى مۇراتنى قوغلاپ ئېتىنى هەر بىر سەكرەتكىنىگە خوش ئىدى. هاجى مۇرات يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كازاك ئېتىنىڭ تۇيىقىنى ئاڭلاپ، هەش-پەش دىگىچە ئۆزىگە يېتىشىۋالىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئوڭ قولىغا تاپانچىسىنى ئېلىپ، كەينىدىكى ئاتنىڭ تۇيىقىنى ئاڭلاپ قىزىپ كېتىپ بارغان ئېتىنى سول قولى بىلەن بوشراق تۇتتى.

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ دىدىمغۇ! — دەپ ۋاقىرىدى

هاجى مۇراتقا يېتىشىپ قالاي دېگەن نازاروۋ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىگە قولىنى سوزۇپ، لېكىن ئۇلگۇرەلمىدى، ئاغىچە ئوق ئېتىلدى.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ، — دەپ ۋاقىرىۋەتتى نازاروۋ كوكسىنى تۇتۇپ.

— ئېتىڭلار بۇلارنى، يىگىتلەر، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە چايقىلىپ، ئىگەردىن قىڭغايدى.

تاغلىقلار قوراللىرىنى ئاۋال ئېلىشىپ، كازاكلارنى ئاتتى ۋە چاپتى.

نازاروۋ ئېتىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قالدى، ئېتى ئۈركۈپ، ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. ئىگناتوۋنىڭ ئېتى يىقىلىپ، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى بېسىۋالدى. ئىككى تاغلىق قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشى ۋە قوللىرىنى چاپتى. پېتراكوۋ دوستىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئېتىلىۋىدى، ئىككى پاي ئوق كېلىپ، بىرى دۈمبىسىگە، يەنە بىرى يانبېشىغا تەگدى - دە، ئۇ خۇددى تاغاردەك دۈمۈلاپ چۈشتى.

مىشكىن ئېتىنى كەينىگە بۇراپ، قورغانغا چاپتى. خەنەفى بىلەن خان مەغەم ئۇنى شىددەت بىلەن قوغلىدى، لېكىن ئۇزاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېتىشەلمىدى.

خەنەفى بىلەن خان مەغەم ئۇنى قوغلاپ يېتىشكە كوزى يەتمەي، قايتىپ كەلدى، ھەمزەلى ئىگناتوۋنىڭ بىرنەچچە يېرىگە خەنجەر سالدى، نازاروۋغا بىرنەچچىنى سانچىپ، ئۇنى ئاتتىن

چۈشۈردى. خان مەغەم ئولگەنلەرنىڭ ئوق ۋە خالتىلىرىنى ئېلىۋالدى. خەنەفى نازارووۋنىڭ ئېتىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ھاجى مۇرات ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى ۋە يول بويلاپ ئالدىغا قاراپ چاپتى. مۇرىتلار ئۇزلىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن پېتراكوۋنىڭ ئېتىنى قوغلىۋېتىپ، ھاجى مۇراتنىڭ كەينىدىن ئات سالدى، مۇنارنىڭ ئۇستىدىن ملتىق ئېتىپ سىگنال بېرىلگەندە، ئۇلار نۇخادىن ئۇچ چاقىرىم ئۇزاپ، شاللىقنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىدى.

قارنى يېرىلغان پېتراكوۋ ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇ يۇزىنى ئاسمانغا قىلىپ، بېلىققا ئوخشاش ئاغزىنى بىر ئېچىپ، بىر يېپىپ جان ئۇزدى.

—ۋاي خۇدا، ۋاي ئاتام، ياخشى قىلىشىپسەن!— دەپ ۋاقىرىدى قورغان ئەمەلدارلىرى مىشكىنىدىن ھاجى مۇراتنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى چاڭگاللاپ،— كاللاڭلارنى ئالىمەن، قاچۇرۇپ قويۇشۇپسەن، قاراقچىلار!

ھەممە يەرگە ئەنسىزلىك سىگنالى بېرىلدى. قاچقانلارنى تۇتۇشقا بارلىق كازاكلارلا ئەۋەتىلىپ قالماي، ئەل بولغان يېزا-كەنتلەردىكى بارلىق ساقچىلارمۇ يىغىپ كېلىندى. ھاجى مۇراتنى تۇتقان ياكى ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە مىڭ سوم سويۇنچە بېرىش جاكالاندى. ھاجى مۇرات ھەمراھلىرى بىلەن كازاكلاردىن قېچىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن، قاچقۇنلارنى

www.uyghurkitap.com

ئىزدەش ۋە تۇتۇش ئۈچۈن ساقچى باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر يولغا چىقتى.

هاجى مۇرات چوڭ يول بىلەن بىرنەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، هاسىراپ قارا تەرگە چۆمگەن ئېتىنى توختاتتى. يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىلارجىك يېزىسىنىڭ ئۆيلىرى ۋە مېچىتىنىڭ پەشتىقى، سول تەرىپىدە ئېتىز، ئېتىزلارنىڭ كەينىدە دەريا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاققا ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن بارغىلى بولسىمۇ، هاجى مۇرات قوغلاپ كەلگۈچىلەر ئوڭ تەرەپتىن كېلىدۇ دەپ مۆلچەرلەپ، سول تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى. ئۇ ئالازان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، هېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان يولغا چىقىپ، شۇ يول بىلەن جاڭگالغا كەلمەكچى، ئاندىن يەنە بىر دەريادىن ئۆتۈپ، جاڭگالنى كېسىپ، تاققا چىقماقچى بولدى. ئۇ مۇشۇ ئوي بويىچە سولغا بۇرالدى. لېكىن دەريا بويىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان شاللىق هەر يىلى ئەتىيازدىكىدەك يېڭىلا سۇ قويۇلۇپ ساسلىق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئات قوسىقىغىچە پېتىپ قالاتتى. هاجى مۇرات قۇرۇق يول ئىزدەپ ئوڭ-سولغا مېڭىپ باقتى، لېكىن ئۇلار كېتىۋاتقان يەرگە سۇ قويۇۋېتىلگەن ۋە بۇ سۇ سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئاتلار پۇرۇپكا پاقىلدىغاندەك، سېغىز لايدىن پۇتلىرىنى تارتىپ ئالاتتى ۋە قاتتىق هاسىراپ، توختاپ-توختاپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزاق هەپىلىشىپ يۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ

دەريا بويىغا يېتىپ كېلەلمىدى. سول تەرەپتە چاتقال بىلەن قاپلانغان ئارالغا ئوخشاش بىر توپىلىك تۇراتتى. ھاجى مۇرات مۇشۇ چاتقاللىقتا ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، كېچىدە مېڭىشنى قارار قىلدى.

چاتقاللىققا كىرىپلا ھاجى مۇرات بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنىڭ پۇتىنى چۈشەپ، ئوتقا قويۇۋەتتى، ئاندىن ئېلىۋالغان نان-پانلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. بايىلا يوپ-يورۇق تۇرغان ھىلال ئاينىڭ تاغ كەينىگە موكۇشى بىلەن تۈن قاراڭغۇلاشتى. نۇخادا بۇلبۇل بەك كوپ ئىدى. بۇ چاتقاللىقتىمۇ ئىككىسى بار ئىدى. ھاجى مۇرات ئوزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ چاتقاللىققا كىرگەندە، بۇلبۇللار تىمتاس بولۇۋالغان ئىدى. ئۇلار جىم بولۇشقاندا، بۇلبۇللار يەنە چاڭىلداپ سايراشقا باشلىدى. ھاجى مۇرات كېچىدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى، بۇلبۇللارنىڭ بارغانسېرى قىزىپ سايراشلىرىغىمۇ قۇلاق سالاتتى.

بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى ئۇنىڭغا تۈنۈگۈن ئاخشام سۇ ئېلىشقا چىققاندا ئاڭلىغان غامزات توغرىسىدىكى ناخشىنى ئەسلەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ھەر بىر مىنۇتتا غامزاتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇ ئوزىمۇ شۇنداق بولىدىغاندەك ھېس قىلدى. مول-چەرلەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كوڭلىدە بىردىنلا جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئۇ بۇركىسىنى يەرگە سېلىپ، ناماز ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا چاتقاللىققا يېقىنلىشىۋاتقان ئاۋاز

ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلار پاتقاقلىقتا شالاپ-شۇلۇپ قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئاياق تىۋىشى ئىدى. كۆزى ئۆتكۈر خان مەغەم چاتقاللىقنىڭ چېتىگە يۈگرەپ چىقىپ، قاراڭغۇدا چاتقاللىققا قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى. خەنەفىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇنداق بىر توپ كىشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردى. بۇ بازار ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى كارگانوۋ باشلاپ كېلىۋاتقان ساقچىلار ئىدى.

”خوپ، بىزمۇ غامزاتقا ئوخشاش ئېلىشايلى“ دەپ ئويلىدى هاجى مۇرات.

سىگنال بېرىلگەندىن كېيىن، كارگانوۋ يۈز ساقچى ۋە كازاكلار بىلەن هاجى مۇراتنى قوغلاپ چىقتى، لېكىن هېچ يەردىن ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق، ئىزىنىمۇ تاپالمىدى. كارگانوۋ ئۈمىتسىزلىنىپ قايتىپ كەلدى، ئەمما كەچقۇرۇنلۇغى بىر تاتار بوۋاي ئۇچراپ قالدى. كارگانوۋ ئۇنىڭدىن ئالتە ئاتلىق ئادەمنى كۆردۈڭمۇ دەپ سورىۋىدى بوۋاي كۆردۈم دەپ جاۋاپ بەردى ۋە بۇ ئالتە ئاتلىقنىڭ شاللىقتا ئايلىنىپ يۈرگەنلىگىنى، كېيىن ئۆزى ئوتۇن تېرىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ چاتقاللىققا كىرىپ كەتكەنلىگىنى ئېيتتى. كارگانوۋ بوۋاينى ئېلىپ كەينىگە ياندى، ئۇ پۇتلىرى چۇشەلگەن ئاتلارنى كۆرۈپ، هاجى مۇراتنىڭ چوقۇم شۇ يەردە ئىكەنلىگىگە ئىشىنىپ، تاڭ ئاتقاندا هاجى مۇراتنى تىرىك ياكى ئۆلۈك هالدا تۇتۇش ئۈچۈن چاتقاللىقنى قورشىدى.

ھاجى مۇرات ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، چاتقاللىق ئارىسىدىن بىر ئازگالنى تاپتى ۋە شۇ يەرگە موكۇنۇپ تۇرۇپ، ئوق دورىسى بىلەن كۇچى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئېلىشىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ھەمرالىرىغا ئېيتىپ، ئازگالنىڭ ئۈستىگە ئىستىھكام ياساشنى تاپىلىدى. مۇرىتلىرى دەرھال شاخلارنى كېسىپ، خەنجەرلىرى بىلەن يەرنى كولاشقا كىرىشتى، ھاجى مۇراتمۇ بىللە ئىشلىدى.

تاڭ سۈزۈلگەندە، ھىلىقى ساقچىلار باشلىغى ئاتلىق چاتقاللىققا يېقىنراق كېلىپ:

— ھەي، ھاجى مۇرات، تەسلىم بول! بىز جىق، سىلەر ئاز، — دەپ ۋاقىرىدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئازگالدىن ئىس كوتىرىلىپ، ئوق ئېتىلدى، ئوق بىر ساقچىنىڭ ئېتىغا تەگدى، ئات سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئارقىدىن، چاتقاللىقنىڭ يېنىدا تۇرغان ساقچىلار تەڭلا ئوق چىقاردى، ئۇلارنىڭ ئوقلىرى ۋىژىلداپ يوپۇرماقلارنى توكۇپ، شاخلارنى سۇندۇرۇپ، توپ-توغرا ئىستىھكامغا كېلىپ چۈشتى، لېكىن ئىستىھكامدىكىلەرگە تەگمىدى. پەقەت ھەمزىنىڭ توپتىن ئايرىلىپ كەتكەن ئېتىغىلا ئوق تەگدى. ئاتنىڭ بېشى يارىلانغان بولسىمۇ يىقىلمىدى، پۇتىدىكى ئاغامچىنى ئۈزۈپ چاتقاللارنى شالدىرلىتىپ چېيىسىپ، باشقا ئاتلارغا ئېتىلدى ۋە بۇ ئاتلارغا يۆلەنگىنىچە ئوت-چۆپنى قانغا مىلەپ يىقىلدى.

ھاجى مۇرات بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئالدىغا چىققانلىقى ساقچىنى ئاتاتتى، ئوقى ئانچە زايا كەتمەيتتى. ئۈچ ساقچى يارىلاندى، ساقچىلار ھاجى مۇراتلارغا ھۇجۇم قىلىپ بارالماي، بارغانسېرى چېكىنىپ، يىراقتىن ئوقنى قارىسىغا ئاتاتتى.

بۇ ئەھۋال بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى. كۆن نەيزە بويى كۆتىرىلدى، ھاجى مۇرات قورشاۋنى يېرىپ دەريا بويىغا بېرىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ئېتىغا مىنىشكە تەمشەلگەندە، يېڭى كەلگەن بىر مۇنچە ئادەمنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار مېختۇلىنلىق ھاجى ئاغىخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئىككى يۈز كىشى ئىدى. ھاجى ئاغا بۇرۇن ھاجى مۇراتنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ، تاغدا بىللە بولغان ئىدى، كېيىن رۇسلارغا تەسلىم بولغان. ئۇلار بىلەن بىللە ھاجى مۇراتنىڭ رەقىبىنىڭ ئوغلى ئەخمەتخانمۇ كەلگەن ئىدى. ھاجى ئاغىمۇ كارگانوۋغا ئوخشاش، ئۇنى تەسلىم بول دەپ ۋاقىردۇىدى، ھاجى مۇرات ئۇنىڭغىمۇ ئوق بىلەن جاۋاپ بەردى.

ــ قېرىنداشلار، قىلىچىڭلارنى سۇغۇرۇڭلار! ــ ھاجى ئاغا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ۋاقىردى، شۇنىڭ بىلەن يۈزلىگەن كىشى چۇقان كۆتىرىپ، چاتقاللىققا ئېتىلدى.

ساقچىلار يۈگۈرۈپ چاتقاللىققا كىرىشتى، لېكىن ئىستىھكامنىڭ كەينىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. ئۈچ كىشى تىك موللاق چۈشتى، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلەر چاتقاللىقنىڭ يېنىدا توختاپ، ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلار مىلتىق ئاتقاچ،

بىر چاتقالدىن يەنە بىر چاتقالنىڭ كەينىگە سىلجىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىستىھكامغا يېقىنلىدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى ئىلگىرىلەپ كەلدى، بىرنەچچىسى ھاجى مۇرات ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئوقىغا ئۇچراپ يىقىلدى. ھاجى مۇرات ئاتقانلىكى ئوق تەگمەي قالمايتتى؛ ھەمزەلىنىڭ ئاتقان ئوقمۇ زايا كەتمەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئوقىنىڭ دەل تەككىنىنى كورگەندە، خوش بولۇپ تووۋلاپ قوياتتى. قۇربان ئازگالىنىڭ يېنىغا موكۇنۇپ تۇرۇپ "لائىلەھە ئىللەللاھۇ" دەپ تووۋلىغىنىچە ئالدىرىماي ئاتاتتى، لېكىن ئاندا ـ ساندا تەككۈزەتتى. ئېلدار خەنجىرى بىلەن دۇشمەنگە ئېتىلىشقا ئالدىراپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تىترىگەن ھالدا ناھايىتى ئىتتىك ئەمما چېنىمەيلا ئېتىۋېرەتتى، ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ھاجى مۇراتقا بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى ۋە ئازگالدىن بېشىنى سىرتقا سوزاتتى، چۈپۈرلۈق خەنەفى يەڭلىرىنى تۇرۇپ، بۇ يەردىمۇ خىزمەتكارلىق ئىشىنى ئاتقۇراتتى. ئۇ ھاجى مۇرات ۋە قۇربان ئوزىگە بېرىپ تۇرغان مىلتىقلارغا مايلاقلىق ئوقلارنى سۇمبا بىلەن چىڭداپ باساتتى ۋە دورا خالتىسىدىن قۇرۇق دورىلارنى ئېلىپ، مىلتىققا قاچىلايتتى. خان مەغەم باشقىلارغا ئوخشاش ئازگالدا ئولتۇرماي، ئازگالدىن ئاتلارنىڭ قېشىغا يۈگرۈپ بېرىپ، ئاتلارنى بىخەتەررەك جايغا ھەيدەپ قويۇپ، مىلتىقنى مۈرىسىگە تىرىمەيلا قولى بىلەن كوتىرىپ تووۋلاپ تۇرۇپ ئاتاتتى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ يارىدار بولدى. ئوق ئۇنىڭ بوينىغا تەككەن ئىدى، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، قان تۈكۈرەتتى ۋە

تىللايتتى. كېيىن ھاجى مۇرات ياردار بولدى. ئوق ئۇنىڭ مۇرىسگە تەككەن ئىدى. ھاجى مۇرات چاپىنىنىڭ پاختىسىنى ئېلىپ يارىسىغا باستى-دە، يەنە ئېتىشنى داۋاملاشتۇردى.

—ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چاپايلى.— بۇ ئېلدارنىڭ ئۈچىنچى قېتىم شۇنداق دېيىشى ئىدى.

ئۇ دۈشمەنگە ئېتىلماقچى بولۇپ ئازگالدىن كوتىرىلگەن ئىدى، شۇ ئەسنادا بىر ئوق تېگىپ، ئۇ ئىغاڭلىغىنىچە ھاجى مۇراتنىڭ بىر پۇتىغا ئوڭدىچە يىقىلدى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق قوي كوزلىرى مىدىرلىماستىن ھاجى مۇراتقا جىددى تىكىلىپ تۇراتتى؛ بالىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئۈستۈن كالپۇكى كوتىرىلىپ تۇرغان يۇمۇق ئاغزى تارتىشاتتى. ھاجى مۇرات ئۇنىڭ ئاستىدىن پۇتىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، يەنە دۈشمەنلەرنى قارىغا ئالدى. خەنەفى ئولگەن ئېلدارنىڭ جەسەدىگە ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ چېركەسكىسىدىن قالغان ئوقلارنى ئالدى. قۇربان تىنماي تەكبىر ئېيتىپ، مىلتىغىنى ئاستا ئوقلاپ، دۈشمەنلەرگە ئاتاتتى.

دۈشمەنلەر چۇقان-سورەن بىلەن بىر چاتقالدىن يەنە بىر چاتقالغا يوتكىلىپ يۈرۈپ، بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ھاجى مۇراتنىڭ سول بېقىنىغا يەنە بىر ئوق تەگدى. ئۇ ئازگالدا يېتىپ، يەنە چاپىنىدىن پاختا ئېلىپ، يارىسىغا باستى. بۇداقى ئوق ئۇنىڭغا ئەجەل ئېلىپ كېلىدىغاندەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئوزىنىڭ ئولىدىغانلىغىنى سەزدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۇ بېشىدىن

ئوتكۈزگەن ئىشلار بىر-بىرلەپ ناھايىتى تېز ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كوزىگە تۇرۇپ بىر قولىدا چىپىلغان ئىگىگىنى تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىغا قىلىچ ئېلىپ دۇشمەنگە ئېتىلغان ئابۇنۇسايخان كورۇ-نەتتى، تۇرۇپ ئاجىز، قانىسىز ئاپپاق يۈزلىرىدىن مۆغەمبەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان ۋورونتسوۋ كورۇنەتتى ھەم ئۇنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئاڭلىناتتى؛ بىر دەم ئوغلى يۇسۇپ، بىر دەم خوتۇنى سوپىيە، بىر دەم ئۇنىڭ رەقىبى شامىلنىڭ ئاق پىشماق، قىزىل ساقاللىق، يۇمۇق كوزلۇك تەلەتى كورۇنەتتى.

بۇ ئەسلىمىلەر ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ خىيالىدىن ئوتتى، لېكىن بۇلار ئۇنىڭدا يا ئېچىنىش، يا ئوچمەنلىك ياكى بىرەر ئارزۇ-ئارمان دىگەندەك ھىچقانداق ھىسسىيات پەيدا قىلمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن ھازىر باشلىنىۋاتقان ۋە باشلانغان ئىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھىچنىمىگە ئەرزىمەيتتى. مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۇچلۇك بەستى باشلانغان ئىشلارنى داۋاملاش-تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرقى كۇچىنى توپلاپ، ئېستىھكامنىڭ كەيى-نىدىن كوتىرىلدى-دە، ئالدىغا قاراپ يۈگرەپ كېلىۋاتقان بىر دۇشمەننى تاپانچا بىلەن ئېتىپ يىقىتتى. ئاندىن ئازگالدىن پۇتۇنلەي چىقىپ، خەنجىرىنى كوتىرىپ ئاقسىغان پېتى توپ-توغرا دۇشمەنگە ئېتىلدى. بىرقانچە پاي ئوق ئېتىلدى، ئۇ سەنتۇرۇلۇپ يىقىلدى. بىرقانچە ساقچى ھۇررا توۋلاپ، يىقىل-غان گەۋدىگە قاراپ ئېتىلدى، لېكىن ئۇلار ئولدى دەپ ھىساپ-لىغان بۇ گەۋدە بىردىنلا سىلكىنىشكە باشلىدى. دەسلىۋىدە،

www.uyghurkitap.com

قانغا مىلەنگەن، چېچى چۇشۇرۇلگەن، پاپاخسىنى بېشى كوتىرىلدى، ئاندىن گەۋدىسى كوتىرىلدى، ئاخىردا ئۇ دەرەختكە ئېسىلىپ، رەسمىي ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىنى كورۇپ، يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى توختاپ قالدى. لېكىن ئۇ بىردىنلا تىترەپ كەتتى ۋە تايىنىپ تۇرغان دەرەختىن ئايرىلىپ سەنتۇرۇلۇپ بىرىپ، چېپىلغان ئوتقا ئوخشاش، يەرگە دۇم يىقىلدى ـ دە، جىم بولدى.

ئۇ، مىدىرلىمايتتى، لېكىن سېزىمى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەڭ باشتا يۇگرەپ كەلگەن ھاجى ئاغا يوغان خەنجىرىنى بېشىغا ئۇرغاندا، ئۇنىڭغا گويا بىرسى بولقا بىلەن بېشىغا ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ كىملىكىنى ۋە نىمە ئۈچۈن شۇنداق ئۇرۇۋاتقانلىغىنى ئۇقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سېزىم ئىدى. كېيىن ئۇ ھېچكىمنى سەزمىدى، دۇشمەنلەر ئۇنىڭ گەۋدىسىنى دەسسەپ چەيلىدى ۋە چانىدى. ھاجى ئاغا بىر پۇتى بىلەن ئۇنىڭ دۇمبىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، خەنجىرىنى ئىككى قېتىم سىلىپلا بېشىنى كېسىپ تاشلىدى ۋە پوپۇشلىرىغا قان چاچراپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن باشنى ئاۋايلاپ دومۇلتىۋەتتى. بويۇن تومۇرلىرىدىن قىپ ـ قىزىل، بېشىدىن قارا قان سىرغىپ چىقىپ، چوپلۇككە ئاقتى.

كارگانوۋ، ھاجى ئاغا، ئەخمەتخان ۋە بارلىق ساقچىلار، خۇددى ئوۋچىلار ئولتۇرۇلگەن يىرتقۇچ ھايۋاننى ئورىۋالغاندەك، ھاجى مۇرات ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ جەسىدى چورىسىگە توپلىشىپ

(خەنەفى، قۇربان، ھەمزەلىلەرنى باغلاپ)، ئىس-تۇتەك قاپلىغان چاتقاللىقتا چىچىگى چاي بولۇپ پاراڭلىشىپ، ئۇز-لىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

ئىتىشۋازلىق بولغاندا جىمىپ كەتكەن بۇلبۇللار يەنە سايراشقا باشلىدى، ئاۋال يىقىندىكى بىرسى، ئاندىن چاتقاللىقنىڭ چىتىدىكى بىرنەچچىسى ئارقا-ئارقىدىن سايرىشىپ كەتتى.

ھىلقى ھەيدەلگەن ئىتىزدىكى ھارۋا يەنچىۋەتكەن قىرىقىز ماگا بۇ ئولۇمنى ئەسلەتتى.

www.uyghurkitap.com

# 哈吉穆拉特

（维吾尔文）

列夫·托尔斯泰著
买买提 沙吾东译
霍加阿不都拉校订
民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/32 印张：8
1983年11月第1版
1983年11月北京第1次印刷
印数：0001—16,600册 定价：0.33元
书号：M10049(4)149

封面设计　江燕红

书号M 10049 (4) 149
定价　　0.33元